# شەجەرەئى تۈرك

ئەبۇلغازى باھادىرخان

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

ئىپتىداسىز ۋە ئىنتىھاسىز ۋە شېرىكسىز ، يەتتە قات ئاسمان ۋە يەتتە قات يەرنى، ئون سەككىزمىڭ ئالەمنى بول دېگەندە بولدۇرغان تەڭرىگە ھەمدۇساناىدىن كېيىن ئۇنىڭ دوستى ۋە بارچە ئالەم پەرزەنتلىرىگە ۋە جىنلارغا ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ ئەلاسى ئۇلۇل ئەزم ۋە رىسالەت ۋە نۇبوۋەت ۋە خاتامەت. بۇ تۆت مەرتىۋىنى ئۆز فەزلىدىن ئىنايەت قىلىشقان رەسۇل مۇھەممەددۇر. مۇستەفانىڭ دۇرۇدىدىن كېيىن مۇھىببۇل ئۆلەما ۋە مۇرەببىيۇل فۇزەلا چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى—— ئەرەب مۇھەممەدخان ئوغلى ئەبۇلغازى باھادىرخان چىڭگىزىي ۋە خارەزمى شۇنداق ئېيتىدۇركى، چىڭگىزخاننىڭ ئاتا ۋە ئەجداتلىرى، ھەر ۋىلايەتلەردە پادىشاھلىق قىلىپ تۇرغانىدى. مۇئەررىخلار تۈركىي، فارسىي تىللار بىلەن ئۇلارنىڭ پادىشاھلىق قىلغان ۋە تۇغۇلغان ، ئۆلگەن تارىخلىرىنى ، ياخشى ۋە يامان قىلغان ئىشلىرىنى يېزىپ تۇرغانىدى. بىر پادىشاھ نامىغا بىر دانىشمەن كىشى بىر تارىخ پۈتۈپ تۇرغان ۋە يەنە بىر نەچچە يىللاردىن كېيىن شۇ پادىشاھنىڭ ئەۋلادىدىن يەنە بىرەيلەن پادىشاھ بولغاندا، يەنە بىر دانىشمەن مۇئەررىخ پەيدا بولۇپ، مەن بۇرۇنقى ئۇ مۇئەررىختىن ياخشىراق پۈتىمەن دەپ، بۇ پادىشاھنىڭ نامىغا ئاتاپ بىر تارىخ پۈتكەن. شۇنداقلا چىڭگىزخان ئەۋلادىدىن ھەرقايسى يۇرتلاردا ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ناملىرىغا ئاتاپ، بەزىلەرگە ئون تارىخ، بەزىلەرگە يىگىرمە تارىخ ۋە بەزىلەرگە ئوتتۇز تارىخ پۈتۈپ تۇرۇلغانىدى. ئىران بىلەن تۇراندا ئۆتكەن چىڭگىزخان ئوغلانلىرىنىڭ ناملىرىغا بېغىشلانغان تارىخلاردىن ئۇشبۇ زامان فەقىرنىڭ ئالدىدا ئون سەككىز مۇجەللەد ھازىر تۇرۇپتۇ. ئەمما بىزنىڭ ئاتا ۋە ئاكىلىرىمىزنىڭ بىپەرۋالىقى ۋە خارىزىم خەلقىنىڭ بىۋۇقۇپلۇقى، بۇ ئىككى سەۋەبتىن ، بىزنىڭ جامائىتىمىز ئەبدۇللاخاننىڭ ئاتىلىرى بىلەن بىزنىڭ ئاتىلىرىمىزنىڭ ئايرىلغان يېرىدىن، تا بىزگە كەلگۈچە بولغان تارىخلىرى پۈتۈلمەي كېلىندى. بۇ تارىخنى بىر كىشىگە تەكلىپ قىلايلى ، دەپ پىكىر قىلدۇق. ھېچ مۇناسىپ كىشى تاپمىدۇق. زۆرۈر بولدى. شۇل سەۋەبتىن، « يىتىم ئۆز كىندىكىنى ئۆزى كېسەر» دېگەن تۈركىي تەمسىلدەك، ئۆز تارىخىمىزنى ئۆزىمىز يازدۇق.

ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تا بۇ كەمگىچە نۇرغۇن تارىخ ئۆتكەنكى، بۇنىڭ ھېسابىنى بىر تەڭرى بىلۇر. ھېچبىر پادىشاھ ۋە ئەمىر ۋە ھەكىم ۋە دانىشمەن ئۆز تارىخنى ئۆزى يازغان ئەمەستۇر. بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭ ھاۋاسىدىن ۋە ئەھلى خارىزمىنىڭ بىبىزۇئەتلىكىدىن ھېچقاچاندا بولمىغان ئىش بولدى. ئەمدى كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇنكى، فەقىر تەرىپلەپ يالغان ئېيتقان بولغايمەن ۋە ئۆزۈمنى غەلتە تەرىپلەپ ئۆتكەن بولغايمەن. بۇ فەقىرگە خۇدايىتائالا ئىنايەت قىلىپ كۆپ نەرسە بەرگەنىدى، خۇسۇسەن ئۈچ ھۈنەر بەرگەنىدى: ئاۋۋال سىپاھگەرلىكنىڭ قانۇنىي ۋە يوسۇنىدۇر، قانداق ئاتلىنىش ۋە يۈرۈش قىلىش ۋە ياۋغا يېساق ياساش، كۆپ بىلەن يۈرۈش قىلغاندا قانداق قىلىش، ئاز بىلەن يۈرۈش قىلغاندا قانداق قىلىش، دوستقا، دۈشمەنگە قانداق سۆزلەش ؛ ئىككىنچى، مەسنەۋىئەت ۋە قەسايىد ۋە غەزالىيەت ۋە مۇقەتتە ئوت، ۋە رۇبائىيەت ۋە بارچە ئەشئارىنى پەھملەمەكلىك، ئەرەبىي ۋە فارسىي ۋە تۈركىي لۇغەتلىرىنىڭ مەنىسىنى بىلمەكلىك؛ ئۈچىنچى، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تا بۇ كەمگىچە ئەرەبىستاندا، ئىران ۋە تۇراندا ۋە موغۇلىستاندا ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ئاتلىرى ۋە ئۆمۈرلىرىنىڭ ۋە سەلتەنەتلىرىنىڭ كەم ۋە زىيادىلىكىنى بىلمەكلىك. بۇ ۋاقىتتا پەھملەمەكلىكدە ۋە تارىخ بىلمەكلىكدە فەقىردەك كىشى شاياد ئىراقدا ۋە ھىندىستاندا بولسا بولغاي، يوق دېسەم يالغان بولغاي، ئەمما سىپاھىنىڭ يوسۇنىنى بىلمەكلىكدە، بۇ چاغدا مۇسۇلمان ياكى باشقىلاردا بىز كۆرگەن ۋە ئىشلىگەن يەرلەردە ۋە يۇرتلاردا يوقتۇر. يەر يۈزى كەڭدۇر، شۇڭا ئىشتىمگەن يەرلەردە بولسا ئەجەب ئەمەس. ئەمدى مەقسىدىمىزگە كېلەيلى، بىز بۇ كىتابنى تارىخ ھجرىي مىڭ يەتمىش تۆت ئەردىدە ئىبتىدا قىلدۇق ۋە « شەجەرەئى تۈرك» دەپ ئات قويدۇق . توققۇز باپ قىلدۇق.

ئاۋۋالقى باب ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تا موغۇلغىچە؛

ئىككىنچى باب موغۇلدىن تا چىڭگىزخانغىچە؛

ئۈچىنچى باب چىڭگىزخاننىڭ تۇغۇلىشىدىن ئۆلۈشىگىچە؛

تۆتىنچى باب چىڭگىزخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئوكتاي قائاننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ۋە چىڭگىزخاننىڭ ئوغلانلىرىدىن موغۇل يۇرتلىرىدا پادىشاھلىق قىلغان نەسىللىرىنىڭ زىكرى؛

بەشىنچى باب چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چىغاتايخاننىڭ ئەۋلادىدىن ماۋرا ئۇننەھىر قەشقەر يۇرتىدا پادىشاھلىق قىلغانلارنىڭ زىكرى؛

ئالتىنچى باب چىڭگىزخاننىڭ كىچىك ئوغلى تولۇيخاننىڭ ئەۋلادىدىن ئىران مەملىكىتىدە پادىشاھلىق قىلغانلىرىنىڭ زىكرى؛

يەتتىنچى باب چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوچىخاننىڭ ئەۋلادىدىن دەشتى قىپچاقتا پادىشاھلىق قىلغانلىرىنىڭ زىكرى؛

سەككىزىنچى باب جوچىخاننىڭ ئوغلى شەيبانىخاننىڭ ئەۋلادىدىن ماۋرا ئۇننەھىر ۋە قىرىم ۋە قازاق ۋە تۇراندا خان بولغانلىرىنىڭ زىكرى ۋە جوچىخاننىڭ ئون ئۈچىنچى ئوغلى توقاي تېمۇرنىڭ نەسلىدىن قىرىم ۋە قازاق ۋە ماۋرا ئۇننەھىردە پادىشاھلىق قىلغانلىرىنىڭ زىكرى؛

توققۇزىنچى باب شەيبانىخان ئەۋلادلىرىدىن خارەزىم مەملىكىتىدە پادىشاھلىق قىلغانلىرىنىڭ زىكرى، بۇ توققۇز باب خۇددى ھۆكۈمالار « ھېچ نەرسىنىڭ مەرتىۋىسى توققۇزدىن يۇقۇرى بولماس، ناھايىتى توققۇزدۇر» دەپ ئېيتقاندەك، ئاجايىپ مۇناسىپ چۈشتى.

## بىرىنچى باب

# خۇدايىتائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقانلىقىنىڭ زىكرى

خۇدايىتائالا ئۇنى ياراتماق بولۇپ، جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنى يەر يۈزىگە بېرىپ، تۇپراق ئېلىپ كەل ، دەپ بۇيرۇدى. ئۇ يەر يۈزىگە كېلىپ تۇپراق ئالماق بولغاندا، يەر ئۇنىڭدىن كىم، نېمە قىلماقچىسەن، دەپ سورىدى. جەبرائىل ۋاقىئەنى بايان قىلدى. يەر تەڭرىتائالاغا ئانت بېرىپ: مەندىن تۇپراق ئالماغىل، تاڭلا ئادەم فەرزەنتلىرى كۆپەيگەندىن كېيىن ، بىرى ئاسىي، بىرى زالام، بىرى گۇناھكار بولىدۇ. ئۇلارنى خۇدايىتائالا ئازاب قىلىدۇ. مېنىڭ تەڭرىتائالانىڭ غەزىپىگە ۋە ئازابىغا تابىم يوقتۇر، دېدى. جەبرائىل تۇپراق ئالماي قايتىپ كېلىپ، خۇداغا يەرنىڭ ئەرزىنى يەتكۈزدى. ئاندىن كېيىن مىكائىل ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتى، ئۇ ھەم قايتىپ كېلىپ شۇ سۆزنى ئېيتتى. ئاندىن كېيىن ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتى، ئۇ ھەم قايتىپ كېلىپ ئىشتىكىنىنى ئەرز قىلدى. ئاندىن كېيىن

ئەزرائىل ئەلەيھىسسالامنى بۇيرۇدى. تۇپراق ھەم ئۇنىڭغىمۇ ئانت بەردى. ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام ئېيتتى، تەڭرىنىڭ ھۆكۈمى سېنىڭ يالۋۇرۇپ ئانت بەرگىنىڭدىن ئارتۇقتۇر ، دەپ ۋە ھازىرقى كەبىئە تۇرغان يەردىن تۇپراق ئالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىنىڭ ئەرۋاھىنى ئالماقنى ئەزرائىلغا ھاۋالە قىلدى. ئاندىن كېيىن خۇدايىتائالا قۇدرەت قولى بىلەن ئۇ تۇپراقنى خېمىر قىلىپ، ئادەمنىڭ سۈرىتىنى ياساپ ، ئوتتۇز توققۇز كۈن مەككە بىلەن تايىفنىڭ ئارىسىغا قويىدى. قىرىق كۈن بولغاندا، ئۇنىڭغا جان بەردى. ئىبلىسنىڭ ئادەمگە سەجدە قىلمىغىنى ۋە ئادەمنىڭ بېھىشتا بېرىپ، يەنە قايتا بۇ دۇنياغا كەلگىنى ئاندىن روشەنراق ۋە ئاپتاپتىن مەشھۇرراق تۇرۇر. ئۇنىڭ نىمىسىنى ئېيتاي، ئادەم مىڭ يىل بۇ دۇنيادا تۇرۇپ، ئۇ دۇنياغا كەتتى.

ئادەم دېگەن سۆز ئەرەبچە بولۇپ، يەرنىڭ يۈزىنى ئادەم دەيدۇ. ئەزرائىل تۇپراقنى يەرنىڭ ئىچىدىن ئالمىدى، بەلكى يەرنىڭ يۈزىدىن ئالغانىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم دېدىلەر، لەقىمى سەفيۇللاھتۇر. ئادەم ئۆز ئوغلانلىرىدىن قىرىق مىڭ كىشىنى كۆرۈپ ئۆلدى. ئۆلەر ۋاقتىدا شىش ئاتلىق ئوغلىنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا قويىدى. ئاندىن ، كېيىن شىشنى خۇدايىتائالا پەيغەمبەر قىلدى. ئۇ توققۇز يۈز ئون ئىككى يىل ئۆمۈر كۆرۈپ جەننەت سارىيىغا كەتتى. شىشنىڭ مەنىسى ھەيبەتۇللاھتۇر. ئۇ ھەم ئۆلەر ۋاقتىدا ئوغلى ئانۇشنى ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇ ئۇلۇغ ئاتىسى ئادەمنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىپ، توققۇز يۈز ئون ئىككى يىل بۇ مەنزىلدە تۇرۇپ، ئۇ مەنزىلگە كەتتى. ئانۇشنىڭ مەنىسى سادىق دېمەك بولۇر. ئۇمۇ ئۆلەر ئالدىدا، ئوغلى قىينانىنى ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، كۆپ نەسىھەت ۋە ۋەسىيەت قىلدى. قىينان سەككىز يۈز قىرىق يىل ئاتىسى يولىدا يۈرۈپ، ئوغلى مەھلايىلنى ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، تەڭرى قېشىغا باردى. مەھلايىل زامانىدا ئادەم فەرزەنتلىرى كۆپ بولدى؛ مەھلايىل بابىل ئىقلىمىدا بىر شەھەر سالدى، ئېتىنى سۇس قويىدى. تام ۋە ئۆيلەر سالدۇردى، كەندلەر قىلدۇردى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تام ۋە ئۆيلەر يوق ئىدى، تاغلارنىڭ غارلىرىدا ۋە جاڭگاللىقلاردا ئولتۇرار ئىدى. ( مەھلايىل ) ئەلگە، يەر يۈزىگە يېپىلىڭلار، ھەر يەردە مۇناسىپ يەر تاپساڭلار ئېكىن ئېتىڭلار ۋە كەندلەر سېلىڭلار، دەپ ھۆكۈم قىلدى. خەلق شۇنداق قىلدى. مەھلايىل توققۇز يۈز يىگىرمە يىل بۇ دۇنيادا تۇرۇپ، ئۇ دۇنياغا كەتتى. ئۆلەر ئالدىدا، ئوغلى بەرەدنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزدى. بەرەد تاكى توققۇز يۈز ئاتمىش يىل ياشاپ، ئوغلى ئەخنۇخنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاتىسىنىڭ كەينىدىن كەتتى. ئەخنۇخ سۈرىيەنىي تىلى بىلەن ئاتالغان نام ئىدى. دىنىي ئىسلام، ھېكمەت ۋە تىبابەت ئىلمىدىن كۆپ دەرس ئۆتەر ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئەرەبلەر

ئۇنى ئىدرىس دېدى. خۇدايىتائالا ئۇنى ئۆز زامانىدىكى خەلققە پەيغەمبەر قىلدى. سەكسەن ئىككى يىل پەيغەمبەرلىك قىلىپ، خەلقنى توغرا يولغا ئۈندىدى. ئاندىن كېيىن تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنى پەرىلەرنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، بېھىشكە ئېلىپ باردى. ئۇ كۈندىن تا بۇ ۋاقىتقىچە بېھىشتا تۇرىدۇ. ئىدرىس بېھىشقا بارغاندىن كېيىن، ئوغلى مەتۇشالاخ ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ، داد ۋە ئادالەتكە مەشغۇل بولدى. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ بايانى مەلۇم ئەمەس، كۆپ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئوغلى لەمەكنى ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاخىرەت سەپىرىگە كەتتى. لەمەكمۇ بۇ دۇنيادا كۆپ يىللار تۇردى. ئەمما ئۆمرىنىڭ سانى مەلۇم ئەمەس. ئۇ تاكى ئۆلەر چېغىدىلا ئوغلى نوھنى ئورنىدا ئولتۇرغۇزدى. نوھ ئىككى يۈز ئەللىك ياشقا يەتكەندە خۇدايىتائالا ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۆز زامانىدىكى خەلققە ئەۋەتتى. يەتتە يۈز يىل خەلقنى مۇسۇلمانلىققا تەرغىپ قىلدى. ئەرۇ-خوتۇن بولۇپ سەكسەن كىشى ئىمان كەلتۈردى، يەتتە يۈز يىل بۇرۇن دۇنيادىكى خەلقنىڭ تولىسىغا تەڭرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار دېگەندە، سەكسەندىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىمان كەلتۈرمىگىنىگە قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، دۇئايىبەد قىلدى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:« خۇدايىتائالا سىنىڭ دۇئايىڭنى قوبۇل قىلدى. پالان ۋاقىتدا بارچە يەر يۈزىدىكى خەلقنى سۇغا غەرق قىلماق بولدى. كېمە ياسسۇن دەپ ئەمر قىلدى» دېدى. ۋە كېمىنى قانداق ياساشنى ئۆگەتتى. نوھ پەيغەنبەر كېمىنى ئۆزىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشلەر بىلەن ياسىدى، ئاندىن كېيىن يەردىن سۇ چىقتى، ئاسماندىن يامغۇر ياغدى. نوھ پەيغەنبەر ئۇچار قۇشلاردىن ۋە ئاياغلىرى بىلەن يۈرىدىغان جانىۋارلاردىن ھەر خىلدىن بىر جۈپتىن ئالدى ۋە ئۆزىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشلەر بىلەن كېمىگە چۈشتى. يەر يۈزىدىكى ئۆزگە جانلىق نەرسلەرنىڭ بارچىسى سۇغا غەرق بولدى. ئاندىن كېيىن خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن يەر سۇنى ئۆزىگە تارتتى. شام يۇرتىدىكى مۇسل شەھرىنىڭ يېنىدىكى جۇدى تېغىدىن كېمىگە چىقتى. رەجەپ ئېيىنىڭ ئەۋۋەلى كۈنى كېمىگە چىقىپ، تا مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچە ئالتە ئاي ئون كۈن بولغاندا، كېمىدىن چۈشۈپ، تاغنىڭ تۈۋىدە ئولتۇردى. بارچىلىرى بىمار بولدى. نوھ پەيغەنبەرنىڭ كۇچلارى بىلەن ئۈچ ئوغلى ۋە ئۈچ كېلىنىلا ئامان قالدى. ئاندىن ئۆزگە كىشلەرنىڭ بارچىلىرى ھەقتائاللانىڭ رەھمىتىگە كەتتى. ئاندىن كېيىن نوھ پەيغەمبەر ئۈچ ئوغلىنىڭ ھەرقايسىسىنى بىردىن يەرگە ئەۋەتتى.

ھام ئاتلىق ئوغلىنى ھىندىستان يۇرتىغا ئەۋەتتى. سام ئاتلىق ئوغلىنى ئىران زېمىنىغا ئەۋەتتى. يافەس ئاتلىق ئوغلىنى

شىمالىي قۇتۇپ تەرەپكە ئەۋەتتى. ھەممە ئۈچىگە : « ئادەم فەرزەنتلىرىدىن سىلەر ئۈچىڭلاردىن ئۆزگە كىشى قالمىدى، ئەمدى ئۈچىڭلار ئۈچ تەرەپتە تۇرۇڭلار، ئوغلان ۋە زاتىڭلار كۆپ بولسا، ئۇ يەرلەرنى يۇرت قىلىپ ئولتۇرۇڭلار! » دېدى. يافەسنى بەزىلەر پەيغەمبەر ئىدى دېسە، بەزىلەر پەيغەمبەر ئەمەس ئىدى دەيدۇ. يافەس ئاتىسىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن جۇدى تېغىدىن كېتىپ، ئاتىل(ئېتىل) ۋە يايىق سۈيىنىڭ ياقىسىغا باردى. شۇ يەردە تاكى ئىككى يۈز ئەللىك يىل تۇرۇپ ۋاپات بولدى. سەككىز ئوغلى بار ئىدى، ئەۋلادى بىسيار كۆپ بولغانىدى. ئوغۇللارنىڭ ئاتلىرى مۇنداق ئىدى : تۈرك، فەزەر، ساقلاب، رۇس، مىڭ، چىن، كەمەرى، تارىخ. يافەس ئۆلەر ئالدىدا چوڭ ئوغلى تۈركنى ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزگە ئوغۇللىرىغا: « تۈركنى ئۆزۈڭلارغا پادىشاھ بىلىپ، ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقماڭلار» دېدى.

تۈرككە يافەس ئوغلانى دەپ لەقەم قويدى. ئۇ بىسيار ئەدەپلىك ۋە ئاقىل كىشى ئىدى. ئاتىسىدىن كېيىن نۇرغۇن يەرلەرنى ئارىلاپ كۆردى. بىر يەرنى ياقتۇرۇپ ئاندا تۇرۇپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ يەرلەرنى ئىسسىققۆل دەيدۇ. قىرغاقتىكى ئۆيلەرنى ئۇ ئۆزى سالدى. تۈركلەرنىڭ ئىچىدىكى بەزى رەسىم-قائىدىلەر ئۇنىڭدىن قالدى. تۈركنىڭ تۆرت ئوغلى بار ئىدى. چوڭى تۈتەك، ئىككىنچىسى چىگىل، ئۈچىنچىسى بەرسەچەر، تۆتىنچىسى ئىملاق. تۈرك ئۆلەر ئالدىدا تۈتەكنى ئۆز ئورنىدا پادىشاھ قىلىپ، قايتماس سەپەرگە كەتتى.

تۈتەك ئاقىل ۋە دۆلەتى ياخشى پادىشاھ ئىدى. تۈركلەرنىڭ ئىچىدىكى كۆپ رەسىم-قائىدىلەرنى ئۇ پەيدا قىلدى. ئەجەم پادىشاھلىقىنىڭ دەسلەپكى پادىشاھى كەيۇمەرس بىلەن زاماندىش ئىدى. كۈنلىرىنىڭ بىر كۈنى ئوۋغا چىقىپ كىيىك ئۆلتۈرۈپ كاۋاپ قىلىپ يەپ ئولتۇرغانىدى، قولىدىن بىر توغرام گۆش چۈشتى، ئاندىن ئېلىپ يېسە، ئاغزىغا بەكلا خۇشمەزە تېتىدى. چۈنكى ئۇ يەر تۇزلۇق ئىدى. ئاشقا تۇز سالماقنى ئۇ چىقاردى، بۇ قائىدە شۇنىڭدىن قالدى. تۈتەك ئىككى يۈز قىرىق يىل ئۆمۈر كۆرگەندىن كېيىن ئوغلى ئەبلەچەخاننى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، بارسا كەلمەس دېگەن شەھەرگە كەتتى. ئەبلەچەخان كۆپ يىللار پادىشاھلىق قىلىپ، يەيدىغىنىنى يەپ، ياشايدىغىنىنى ياشاپ، ئاتىسىنىڭ كەينىدىن كەتتى، ئۆلەر ۋاقتىدا ئوغلى دىبباقۇيخاننى ئورنىدا ئولتۇرغۇزدى. دىبنىڭ مەنىسى تەختنىڭ يېرى، باقۇينىڭ مەنىسى ئەل ئۇلۇغى دېمەك بولۇر، ئۇ تاكى كۆپ يىللار پادىشاھلىق قىلىپ، دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنىنى ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ ۋە سۆيۈنۈپ كۆپ يىللار پادىشاھلىق قىلىپ، ئوغلى كۆيۈكخاننى ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، بارسا كەلمەس دېگەن شەھەرگە كەتتى. كۆيۈكخان ئاتا تەختىدە ئولتۇرۇپ، بىرقانچە يىل ئادىل

پادىشاھلىق قىلىپ، ئوغلى ئەلەنچەخاننى ئورنىدا ئولتۇرۇپ، خەلق بارىدىغان يەرگە باردى. ئەلەنچەخان كۆپ يىللار ئەلگە پادىشاھلىق قىلدى.

نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىن تا ئەلەنچەخاننىڭ زامانىسىغىچە ، بارچە يافەس ئەۋلادى مۇسۇلمان ئىدى، ئەلەنچەخان زامانىدا يۇرت ئاۋات ۋە دۆلەتلىك بولدى. ئۆزبېكنىڭ « ئىت سەمرىسە ئىگىسىگە قاۋار» دەيدىغان تەمسىلى بار. بۇ دېگەنلىكى ھەر كىشىنىڭ ئەڭ قىيماس بىرەر ئادىمى نە ئوغلى ، نە قىزى ، نە ئاكا-ئىنىسى ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ ئۆيلىرىدە بىر قونچاقنى ياساپ قويىدى. بۇ بىزنىڭ پالاننىڭ سۈرىتى، دەپ ئۇنى سۆيىدى، ئاشنىڭ ئالدىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويىدى. يۈزىنى ۋە كۆزىنى سۈرتۈپ باش ئۇردى. شۇنداق قىلا-قىلا بۇتپەرەسلىك ئاشكارا بولدى. ئەلەنچەخاننىڭ قوشكىزەك ئىككى ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنىڭ ئېتى تاتار، كىچىكىنىڭ ئېتى موغۇل ئىدى. ئەلەنچەخان قېرىغاندىن كېيىن ئەلنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئىككى ئوغلىغا بەردى. بۇ ئىككىسى بىر-بىرى بىلەن يامانلىق قىلماي، ياخشىلىق بىلەن دۆلەت سۈرۈپ ئۆمۈر ئۆتكۈزدى. ئاۋۋال تاتار ھەققىدە سۆزلەيلى، تەكرىم بۇيرىسا ئاندىن موغۇل ھەققىدە سۆز ئاچارمىز.

تاتارخان ئۆزىدىن باشقا يەتتە ئوغلىغىچە پادىشاھلىق قىلدى. تاتارخان كۆپ يىللار پادىشاھلىق قىلىپ ۋاپات بولدى، ئوغلى بۇقەخان ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ كۆپ يىللار پادىشاھلىق قىلىپ ئۆلدى. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئەلەنچەخان ئاتا تەختىدە ئولتۇرۇپ، بىر نەچچە يىللار ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆلدى. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئاتلىخان پادىشاھ بولۇپ، بىرنەچچە يىللار قايغۇسىز ياشاپ، ئاتىسىنىڭ كەينىدىن كەتتى. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئاتسىزخان ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ، بىرنەچچە يىللار ياۋنى ياۋلاپ ۋە ئوۋنى ئوۋلاپ، ئاتىسىنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئوردۇخان بىرنەچچە يىللار ھاراق ۋە قىمىز ئىچىپ، خىتايى كىمخابلارنى پىچىپ ۋە تىرەن سۇلارنى كېچىپ، ئاتىسىنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى بايدۇخان پادىشاھ بولدى. بىرنەچچە يىللار پادىشاھلىق قىلدى، موغۇل بىلەن تاتار پادىشاھ بولغاندىن كېيىن تا بايدۇخان زامانىغىچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر نىزا كۆرۈلمىدى. موغۇلخاننىڭ ئوغلانلىرى ئۆز ئېلىگە پادىشاھلىق قىلغانىدى. تاتارخاننىڭ ئوغلانلىرىمۇ ئۆز ئېلىگە پادىشاھلىق قىلدى. بايدۇ فىكرىسىز ، گۇمانخور يىگىت ئىدى. موغۇلخاننىڭ ئوغلانلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئۇلارنىڭ خەلقىنى قىرىشقا باشلىدى. شۇ ۋاقىتتا ئەجەل كېلىپ ياقىسىدىن تۇتۇپ، ئاتىسىنىڭ قېشىغا

ئېلىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى سېۋىنچخان ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئولتۇردى. سېۋىنچنىڭ زامانىدا موغۇل بىلەن تاتار ئېلىنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىك ئوتى كۆپلەپ ياندى. بۇ ئوتنى ئامۇ دەرياسىنىڭ سۈيىنى سېپىپمۇ ئۆچۈرگىلى بولمايتتى. ھەمىشە موغۇللار غالىب كېلەر ئىدى.

تەكرىم بۇيرۇسا سېۋىنچخانىنىڭ ئىشلىرىنى موغۇل خانلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئېيتىپ ئۆتىمىز.

## ئىككىنچى باب

### موغۇل خانىنىڭ زىكرى تا چىڭگىزخانىنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگىچە

ئەسلى موغۇل ــــ موڭۇل دېگەن سۆز ئىدى. ئاۋامنىڭ تىلى كەلمەسلىكىدىن بارا-بارا موغۇل دېيىلىپ قالدى. << مۇڭ >> نىڭ مەنىسىنىڭ قايغۇ مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى بارچە تۈرك بىلىدۇ. << ئۇل>> نىڭ مەنىسى ساددا دىل، يەنى قايغۇلۇق ساددا دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ تائىپىدىن توققۇز كىشى پادىشاھلىق قىلدى. ئاۋال موغۇلخان، ئاخىرى ئېلخان ئىدى. شەرىفىدىن يەزدى ئۆزىنىڭ << زەفەرنامە>> دېگەن كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە تۈرك خەلقىنىڭ ئىچىدە ھەرقانداق نەرسىنى توققۇز قىلىش قائىدىسى بار، بۇ ئادەت موغۇلنىڭ توققۇز خانىدىن ئېلىنغان دەپ ئېيتىپ ئۆتىدۇ. كىتابنىڭ باش قىسمىدا ئېيتىلغاندەك، خۇدايتائالا ياراتقان نەرسىلەرنىڭ بارچىسىنى مەرتىۋە-مەرتىۋە بىلەن ياراتقانىدى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ مەرتىۋىسىنى توققۇزدىن يۇقۇرى ياراتقان ئەمەس، موغۇلخان كۆپ يىللار پادىشاھلىق قىلدى. تۆت ئوغلى بار ئىدى. چوڭى قاراخان، ئىككىنچىسى ئوزخان، ئۈچىنچىسى كوزخان، تۆتىنچىسى كورخان ئىدى. موغۇلخان ئۆلۈش ئالدىدا چوڭ ئوغلى قاراخاننى ئۆز ئورنىغا قويۇپ كەتتى.

### قاراخانىنىڭ زىكرى

قاراخان ئاتىسىدىن كېيىن تامام ئەلگە پادىشاھ بولدى. ھازىرقى ئۇلۇغ تاغ ۋە كىچىك تاغنى ئۇ زامانلاردا ئارتاغ ۋە كارتاغ دەپ ئاتايتتى. ئۇ ئەشۇ تاغلاردا يايلايتتى، قىش بولغاندا قارا قۇم ۋە سىر سۈيىنىڭ ياقىسىدا قىشلار ئىدى.

قاراخان زامانىدا ئەلنىڭ ھەممىسى دىنسىز بولۇپ كەتكەنكى، ئارىسىدا بىرمۇ مۇسۇلمان قالمىغانىدى.

## ئوغۇزخاننىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ زىكرى

قاراخان چوڭ خوتۇنىدىن ئاي ۋە كۈندىن ئارتۇق بىر ئوغۇل كۆردى. ئۇ ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئاپىسىنى ئەممىدى. ھەر كۈنى كېچىسى ئانىسىنىڭ چۈشىگە كىرىپ :«ھەي ئانا مۇسۇلمان بولغىن ! ئەگەر مۇسۇلمان بولمىساڭ ئۆلسەم ئۆلىمەنكى ، سېنىڭ ئەمچىكىڭنى ئەممەيمەن»دەيتتى. ئانىسى ئوغلىغا قىيماي ، تەڭرىنىڭ بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈردى . ئاندىن كېيىن ئۇ ئوغلان ئەمچەكنى ئەمدى. ئانىسى كۆرگەن چۈشنى ۋە مۇسۇلمان بولغىنىنى كىشىگە ئېيتماي يوشۇردى. تۈرك خەلقى يافەستىن ئەلەنچەخانغىچە مۇسۇلمان ئىدى. ئەلەنچەخان پادىشاھ بولغاندىن كېيىن خەلقنىڭ نوپۇسى ۋە ماللىرى كۆپ بولدى. مال-دۇنياغا بەند بولۇپ كېتىپ ، تەڭرىنى ئۇنتۇدى. ۋە بارچە ئەل دىنسىز بولۇپ كەتتى. قاراخان زامانىدا دىنسىزلىق شۇنداق مەھكەم ئىدىكى ، ئەگەر ئاتىسىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئىشتسە، ئوغلى ئۆلتۈرەتتى، ئوغلىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئىشتسە ئاتىسى ئۆلتۈرەتتى. ئۇ چاغلاردا موغۇللاردا ئوغلان تا بىر ياشقا كىرمىگىچە ئۇنىڭغا ئات قويمايدىغان رەسىم-قائىدە بار ئىدى. ئوغلان بىر ياشقا كىرگەندە قاراخان ئەلگە جاكارلىدى. كاتتا توي ئۆتكۈزدى. توي كۈنى ئوغلاننى مەرىكىگە ئېلىپ كىردى، بەگلەردىن:« بىزنىڭ بۇ ئوغلىمىز بىر ياشقا يەتتى ، ئەمدى ئۇنىڭغا قانداق ئات قويىسلەر ؟»دەپ سورىدى. بەگلەر جاۋاب بەرگۈچە ئوغلان ئېيتتى : « مېنىڭ ئېتىم ئوغۇزدۇر».

بېيت :

ئەنە شۇ بىر ياشلىق ئوغلان ئاندا راۋان،

كېلىپ تىلغا دېدى بىلىڭلار ئايان.

ئېتىمدۇر ئوغۇز خىسرەۋۇ نامۋەر،

بىلىڭلار يېقىن بارچە ئەھلى ھۈنەر.

تويغا كەلگەن چوڭ-كىچىك بارچە خالايىق ئوغلاننىڭ سۆزىگە تاڭ قالدى. ئوغلان ئۆز ئېتىنى ئۆزى ئېيتتى، بۇنىڭدىن

ئارتۇق ياخشى ئات بولماس دەپ ئېتىنى ئوغۇز قويدى. ھەمدە بىر ياشلىق ئوغلاننىڭ مۇنداق سۆزلىگىنىنى قايسى زاماندا بولسۇن ھېچكىم ئىشتكەن ۋە كۆرگەن ئەمەس، بۇ بىر ئىرىم، ئۆمرى ئۇزاق، دۆلەتمەن، ئۇچى ئۇزارغان ۋە يېنى يېيىلغان بولسۇن دېيىشتى.

ئوغۇزنىڭ تىلى چىققاندا، ھەمىشە ئاللاھ، ئاللاھ دەپ يۈرەر ئىدى. خالايىق بۇنى تىلى كەلمەسلىكىدىن ئاغزىغا كەلگىنىنى ئېيتىپ يۈرۈيدۇ دەپ قارايتتى. ئاللاھ ئەرەب تىلى، موغۇلنىڭ ھېچبىر ئاتىسى ئەرەب تىلىنى ئىشتكەن ئەمەس. ئوغۇزنى خۇدايىتائالا ئانىسىدىن ئەۋلىيا قىلىپ ياراتقان ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە، تىلىغا ئۆزىنىڭ نامىنى سالغان ئىدى. ئوغۇز يىگىت بولغان چاغدا، قاراخان ئۇنىڭغا ئىنىسى كورخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بەردى. ئوغۇز كىشى يوق چاغدا قىزغا:« ئالەمنى، سېنى، بىزنى ياراتقۇچى بار، ئۇنىڭ ئېتى ئاللاھدۇر، ئۇنى بار دەپ ۋە بىر دەپ بىلگىن. ئۇنىڭ بۇيرۇغىنىدىن ئۆزگە ئىشنى قىلمىغىن. » دېدى. قىز بۇ سۆزنى قوبۇل قىلمىدى. ئوغۇز دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، باشقا يەردە ياتتى. ئۇ كېچىلىرى ئايرىم يېتىپ، كۈندۈزلىرى سۆزلەشمەس بولۇۋالدى.

بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن، قاراخانغا « ئوغلىڭىز ئايالىنى سۆيمەيدۇ، سۆيمىگەنلىكىدىن ئالغان كۈنىدىن باشلاپ بىر يەردە ياتمىدى» دېگەن خەۋەر يەتتى. قاراخان بۇ سۆزنى ئىشتكەندىن كېيىن، يەنە بىر ئىنىسى ئۇزخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بەردى. ئوغۇز ئۇنىڭغىمۇ ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ قىزمۇ قوبۇل قىلمىدى. ئوغۇز ئۇنىڭ بىلەنمۇ بىرگە ياتمىدى. بۇ ۋاقىئەدىن بىرنەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ، ئوغۇزخان ئوۋغا چىقىپ قايتىشىدا، سۇنىڭ ياقىسىدا كىر يۇيىۋاتقان بىرقانچە ئاياللارنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتىسىنىڭ ئىنىسى ئۇزخاننىڭ قىزىمۇ بار ئىدى. ئۇ قىزغا كىشى ئەۋەتىپ سۆزلەشسەم سىرىم ئاشكارا بولۇپ قالارمىكىن دەپ قورقۇپ، ئۆزى قېشىغا بېرىپ چاقىرىپ، قەسەم قىلدۇرۇپ،«ئاتام ماڭا ئىككى قىزنى ئېلىپ بەردى، ئۇلارنى سۆيمىگەنلىكىمنىڭ سەۋەبى مەن مۇسۇلمانمەن، ئۇلار بولسا دىنسىزدۇر. مۇسۇلمان بولۇڭلار دېسەم، ئۇلار قوبۇل قىلمىدى. ئەگەر سەن مۇسۇلمان بولساڭ ئىدىڭ، سېنى ئالار ئىدىم.» دېدى. قىزمۇ « سەن قايسى يولدا بولساڭ، مەنمۇ شۇ يولدا بولۇرمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئوغۇز ئاتىسىغا ئېيتتى. ئاتىسى ئۇزخاننىڭ قىزىنى كاتتا توي قىلىپ ئوغۇزغا ئېلىپ بەردى. قىز مۇسۇلمان بولدى. ئوغۇزخان ئۇنى قاتتىق سۆيەتتى.

بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئۆتتى، بىر كۈنى ئوغۇز يىراق يەرگە ئوۋغا كەتتى. قاراخان بارچە ئاياللىرى بىلەن كېلىنلىرىنى

يىغىپ ئاش بەردى. سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ ئايالىدىن ئوغۇزنىڭ يېڭىدىن ئالغان خوتۇنىنى ياخشى كۆرۈپ، بۇرۇنقى ئىككى ئايالىنىڭ يېنىغا بارماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ئايالى بۇنى مەن بىلمەيمەن، كېلىنلەر ياخشىراق بىلىدۇ، دېدى. قاراخان كېلىنلىرىدىن سورىۋىدى، چوڭ كېلىنى: « ئوغلىڭىز مۇسۇلماندۇر، بىز ئىككىمىزگە مۇسۇلمان بولۇڭلار دېگەنىدى، بىز قوبۇل قىلمىدۇق. كىچىك كېلىنىڭىز مۇسۇلماندۇر. شۇڭا ئوغلىڭىز ئۇنى قاتتىق سۆيىدۇ» دېدى. قاراخان بۇ سۆزلەرنى ئىشتكەندىن كېيىن، بەگلەرنى چاقىرىپ كېڭەشتى. ئۇلار ئوغۇزنى ئوۋدا يۈرگىنىدە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشنى پۈتۈشتى. قاراخان ئەلگە كىشى ئەۋەتىپ، تېز كېلىڭلار، ئوۋغا چىقىمەن ، دېدى. بۇ سۆزنى ئوغۇزنىڭ كىچىك خوتۇنى ئىشتىپ، قاراخاننىڭ قىلغان كېڭەشلىرىنىڭ بارچىسىنى ئېيتىپ ئوغۇزغا كىشى ئەۋەتتى. ئوغۇزخان بۇ سۆزلەرنى ئىشتكەندىن كېيىن، ئەلگە كىشى ئەۋەتتى. «ئاتام چېرىك تارتىپ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، مېنى دېگەنلەر مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار، ئاتامنى دېگەنلەر ئاتامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار» دېدى. ئەلنىڭ كۆپى قاراخاننىڭ يېنىغا باردى. ئازراقى ئوغۇزنىڭ يېنىغا باردى. قاراخاننىڭ ئىلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئوغلانلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قاراخاندىن ئايرىلىدىغانلىقى ھېچكىمنىڭ يادىغا كەلمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ بارچىسى ئوغۇزخاننىڭ يېنىغا كەلدى. ئوغۇزخان ئۇلارغا ئۇيغۇر دەپ ئات قويدى.

ئۇيغۇر تۈركى سۆز بولۇپ، مەنىسى بارچىگە مەلۇم. « يېپىشقاق»( يېپىشغۇر) دېگەن مەنىسى بار. ئادەتتە سۈت ئۇيىدى، دېيىلىدۇ، سۈت پىتى تۇرغاندا بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، قېتىق بولغاندا بىر-بىرىگە يېپىشىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ئىمامغا ئۇيۇدۇم دېيىلىدۇ. ئىمام تۇرسا تۇرۇپ، ئىمام ئولتۇرسا ئولتۇرماقلىق ـــــ يېپىشقاقلىق بولماسمۇ؟ ئۇلار كېلىپ ئوغۇزخاننىڭ ئېتىكىگە ئىككى قوللىرى بىلەن مەھكەم يېپىشقاچقا، خان ئۇلارنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىغانىدى. بۇ « يېپىشقاق» دېگىنىدۇر. قاراخان بىلەن ئوغۇزخان سەپ تارتىپ تۇرۇشتى. خۇدايىتائالا ئوغۇزخاننى غالىب قىلدى، قاراخان قاچتى، ئۇرۇشتا قاراخاننىڭ بېشىغا ئوق تەگدى. كىمنىڭ ئاتقىنىنى بىلمىدى، قاراخان ئەنە ئاشۇ يارا دەستىدىن ئۆلدى، ئوغۇزخان ئاتىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇردى.

## ئوغۇزخاننىڭ خان بولغانلىقىنىڭ زىكرى

ئوغۇزخان ئەلنىڭ بارچىسىنى مۇسۇلمانلىققا دەۋەت قىلدى. مۇسۇلمان بولغانلارنى تارتۇقلىدى. بولمىغانلارنى چاپتى، ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى ئۆلتۈردى. ئوغلانلىرىنى ئەسىر قىلدى. بۇ چاغدا قاراخانغا تەئەللۇق بولمىغان باشقا ئەللەر كۆپ ئىدى. ھەربىر چوڭ ئەلنىڭ بىردىن ئايرىم پادىشاھى بار ئىدى. كىچىك ئەللەر ئۇلارغا قوشۇلار ئىدى. قاراخاننىڭ مۇسۇلمان بولغان خەلقلىرى ئوغۇزخانغا قوشۇلدى. مۇسۇلمان بولمىغانلىرى ، باشقا خانغا بېرىپ قوشۇلدى. ئوغۇزخان ھەر يىلى موغۇل يۇرتىدا ئولتۇرغان ئەللەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تۇراتتى. ھەر قېتىمدا غالىب كېلەر ئىدى. ئاخىر بارچىسىنى يەڭدى. قېچىپ قۇتۇلغانلىرى تاتارخانغا بېرىپ سىغىندى. تاتار خەلقى ئۇ چاغدا جۇرچىتلارغا يېقىن ئولتۇراتتى. جۇرچىت دېگەن بىر چوڭ يۇرت ئىدى. شەھەرلىرى بىلەن كەندلىرى كۆپ ئىدى. خىتاينىڭ تۆمۈر قازىق تەرىپىدە ئىدى. ھىندىلار بىلەن تاجىكلار ئۇنى چىن دەيتتى.

ئوغۇزخان بېرىپ تاتارلارنى چاپتى. تاتارخانى كۆپ چېرىك بىلەن كېلىپ ئۇرۇشتى. ئوغۇزخان يەڭدى، لەشكەرلىرىنى قىردى. ئوغۇزخاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا كۆپ جانسىز مال چۈشتى، ئۇنى يۆكلىمەككە كۆلۈك ئازلىق قىلدى. بىر ياخشى چېۋەر كىشى بار ئىدى، ئۇ ئەقىل ئىشلىتىپ ھارۋا ياسىدى. بۇنى كۆرۈپ بارچە خالايىقمۇ ھارۋا ياسىدى. ئولجا ئالغان ماللارنى يۆكلەپ قايتتى. ھارۋىغا قانىق دەپ ئات قويىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھارۋىنىڭ ئۆزىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى ھارۋا ماڭغاندا قانىق-قانىق دەپ ئاۋاز چىقارغاچقا ئۇنى قانىق دەپ ئاتىدى. ئۇنى ياسىغان كىشىنى قانىقلى دېدى. بارچە قانىقلى ئېلى ئاشۇ كىشىنىڭ ئوغلانلىرىدىن تارىدى. موغۇل بىلەن تاتار ئوغۇزخاننىڭ ئۆز سۆڭىكىدىن بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن يەتمىش ئىككى يىل ئۇرۇشتى. يەتمىش ئۈچ يىل بولغاندا، بارچىسىنى ئۆز ئاغزىغا باقتۇرۇپ مۇسۇلمان قىلدى. ئاندىن كېيىن يەنە يۈرۈش قىلىپ، چىننى، جۇرچىتنى، ھەمدە تاڭغۇتنى ئالدى. تاڭغۇتنى تاجىكلار تىبەت دەيدۇ، ئاندىن كېيىن يۈرۈش قىلىپ يەنە قارا خىتاينى ئالدى. ئۇمۇ بىر چوڭ يۇرت ئىدى، ئادەملىرىنىڭ چىرايى ھىندىلاردەك قارا ئىدى. ھىندىستان بىلەن خىتاينىڭ ئارىسىدا مۇھىت دېڭىزىنىڭ ياقىسىدا، تاڭغۇتنىڭ كۈن چىقىشىدا، يازدا قۇشلۇق بولىدىغان جايدا، چىننىڭ نېرى تەرىپىدە، دېڭىز ياقىسىدا ئېگىز تاغلارنىڭ ئىچىدە كۆپ ئەللەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ پادىشاھىنىڭ ئېتىنى ئىت باراقان دەيتتى. ئوغۇزخان ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتلىنىپ باردى، ئۇرۇشتى. ئىت باراقان غالىب كەلدى، ئوغۇزخان قاچتى. ئۇرۇشقان يېرىنىڭ بېرى ياقىسىدا ئىككى چوڭ دەريا بار ئىدى، ئوغۇزخان بۇ ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقىدا بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، قاچقان لەشكەرلىرىنىڭ ئالدى-ئارقىسىنى يىغدى.

ئۇلۇغ پادىشاھلارنىڭ ئۇزاق سەپەرگە بارغاندا ئائىللىرى ( كۆچلەرى) نى بىرگە ئېلىپ بارىدىغان ئادىتى بار ئىدى. نۆكەرلەرنىڭ بەزىلىرىمۇ ئائىللىرىنى بىرگە ئېلىۋالاتتى. ئوغۇزخاننىڭ بىر بېگى ئائىلىنى بىرگە ئېلىپ بارغانىدى. ئۆزى ئۇرۇشتا ئۆلدى، ئائىلى قۇتۇلۇپ، ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقىدا خانغا يېتىشۋالدى. يۈكلۈك ئىدى، تولغىقى تۇتتى، كۈن سوغۇق ئىدى، كىرمەككە ئۆي يوق ئىدى. چىرىپ كەتكەن پور ياغاچنىڭ ئىچىدە بوشىنىپ ئوغۇل تۇغدى، بۇنى خانغا مەلۇم قىلدى، خان : « بۇنىڭ ئاتىسى بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئۆلدى، غەمخورى يوق » دەپ تەربىيەسىگە ئېلىپ، ئېتىنى قىپچاق قويدى. قەدىم تۈرك تىلىدا ئىچى پور ياغاچنى قىپچاق دەيتتى. بۇ ئوغلان ياغاچنىڭ ئىچىدە تۇغۇلغانلىقتىن ، ئېتىنى قىپچاق قويدى. ھازىرمۇ ئىچى پور ياغاچنى قىپچاق دەيدۇ. قارا خەلقنىڭ تىلى كەلمىگەنلىكتىن « ق» نى « چ » دەپ ئوقۇپ، قىپچاقنى چىپچاق دەيتتى. ئۇ ئوغلاننى خان ئۆز قولىدا تۇتتى. ئوغلان يىگىت بولغاندىن كېيىن ئورۇس ۋە ئۇلاق ۋە ماچار( ماجار) ۋە باشقىرد ئەللىرى دۈشمەن بولدى. ئوغۇزخان قىپچاققا كۆپ ئەل ۋە نۆكەر بېرىپ، تىن(دون) ۋە ئاتىل سۇيىنىڭ ياقىسىغا ئەۋەتتى. تىن ۋە ئاتىل ئىككى چوڭ سۇنىڭ نامى ئىدى. قىپچاق ئۇ يەرلەردە ئۈچ يۈز يىل پادىشاھلىق قىلدى. بارچە قىپچاق ئەھلى ئۇنىڭ نەسلىدىن ئىدى.

ئوغۇزخاننىڭ زامانىدىن چىڭگىزخاننىڭ زامانىغىچە تىن، ئاتىل ۋە يايىقتىن ئىبارەت ئۈچ سۇنىڭ ياقىسىدا قىپچاقتىن ئۆزگە ئەل يوق ئىدى. ئۇلار بۇ جايلاردا تۆرت مىڭ يىلغىچە ئولتۇرۇپ كەلدى. شۇڭا بۇ جايلارنى دەشتى قىپچاق دەپ ئاتايدۇ. ئوغۇزخان ئىت باراقاندىن يېڭىلىپ ئون يەتتە يىلدىن كېيىن قايتا ئاتلىنىپ، ئىت باراقان بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنى يېڭىپ، ئىت باراقاننى ئۆلتۈرۈپ، يۇرتنى ئېلىپ، مۇسۇلمان بولغانلارغا تەگمەي، تەكرىگە ئىمان كەلتۈرمىگەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئوغلانلىرىنى ئەسىر قىلىپ، قايتىپ ئۆيىگە چۈشتى.

## ئوغۇزخاننىڭ تۇران ۋە ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ زىكرى

ئوغۇزخا تامامى موغۇل ۋە تاتار ئېلىنىڭ لەشكەرلىرىنى جەمئىي قىلىپ، تالاش( تالاس) ۋە سايرامغا كەلدى.

. تاشكەند، سەمەرقەند، بۇخارا پادىشاھلىرى سەپ تارتىپ ئۇرۇش قىلماي، چوڭ شەھەر ۋە مەھكەم قەلئەلەرگە بېكىندى. ئوغۇزخان سايرام بىلەن تاشكەندنى ئۆزى قورشىدى. تۈركىستان بىلەن ئەندىجانغا ئوغلانلىرىنى ئەۋەتتى، ئۇلار تۈركىستان بىلەن ئەندىجاننى ئالتە ئايدا ئېلىپ، ئاتىسىنىڭ خىزمىتىگە كەلدى. ئوغۇزخان بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ بارچىسىغا دارۇغەلەرنى قويۇپ، سەمەرقەند تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، بۇخاراغا باردى. بۇخارانىمۇ ئېلىپ، بەلخقە باردى. بەلخنى ھەم ئېلىپ، غۇرى ۋىلايىتىنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. قىش ئىدى، كۆن ئىنتايىن سوغۇق ئىدى، غۇرنىڭ تاغلىرىغا قار كۆپ چۈشكەن ئىدى. لەشكەرلەر يۈرۈشتە قىينالدى. ئوغۇزخان « ھېچ كىشى مەندىن قالمىسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. بېرىپ غۇرنى ئالدى، يىل ئۆرۈلۈپ يازكەلدى، لەشكەرلەرنىڭ سانىنى ئالغانىدى، بىرنەچچە كىشى كەم چىقتى. ئۇلارنى سۈرۈشتۈرگەنىدى، ھېچكىم بىلمىدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئۇ كىشلەر خاننىڭ خىزمىتىگە كەلدى. خان ئۇلاردىن ئەھۋالنى سورىغاندا، ئۇلار بىرنەچچە كىشى لەشكەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئىدۇق، تاغ ئىچىدە بىر كېچە قاتتىق قار يېغىپ، يۈرۈشكە بولمىدى. شۇ يەردە يېتىپ قالدۇق، ئاتلىرىمىز بىلەن تۆگىلىرىمىزنىڭ بارچىسى ئۆلدى. باھار بولغاندىن كېيىن پىيادە كەلدۇق، دېدى. ئوغۇزخان « بۇ جامائەت قارلىق دېيىلسۇن» دەپ بۇيرۇق قىلدى. بارچە قارلىق ئېلى ئۇلارنىڭ نەسلى ئىدى. ئوغۇزخان ئۇ يەردىن ئۆتۈپ، كابۇل بىلەن غەزنەنى ئالدى، ئاندىن كەشمىر ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. ئۇ چاغدىكى كەشمىر پادىشاھىنىڭ ئېتى——ياغما ئىدى. كەشمىرنىڭ مەھكەم تاغلىرى بىلەن چوڭ سۇلىرى كۆپ ئىدى. ياغما بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئوغۇزخانغا بېقىنمىدى. بىر يىل ئۇرۇشتى، ئىككى تەرەپتىن كۆپ لەشكەر ئۆلدى. ئاقىۋەت ئوغۇزخان كەشمىرنى ئېلىپ ياغمىنى ئۆلتۈردى. لەشكەرلىرىنى قەتلىئام قىلدى. شۇ يەردە بىرنەچچە ۋاقىت تۇرۇپ، بەدەخشاننىڭ يۇقۇرى تەرىپى بىلەن سەمەرقەندكە كەلدى، ئاندىن موغۇلىستانغا بېرىپ، ئۆيىگە چۈشتى.

## ئوغۇزخاننىڭ ئىران، شام ۋە مىسىر تەرەپلەرگە

## يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ زىكرى

ئوغۇزخان بىر يىل يۇرتىدا تۇرۇپ، ئىككىنچى يىلى ئەلگە « ئىران تەرەپكە ئاتلىنىمەن، بىرنەچچە يىللىق غەملىرىنى تەييارلىسۇن» دەپ جار سالدى. ئىككىنچى يىلى ئاتلىنىپ تالاش(تالاس) شەھرىگە كەلدى. خاننىڭ ئۆز

لەشكەرلىرىدىن هارغان-ئاچقان ۋە ئاداشقان ، يۈتكەنلىرىنى ئېلىپ كېلىشكەن، دەپ لەشكەرلەرنىڭ كەينىدە قالدۇرغان كىشىلىرى بار ئىدى. ئۇلار لەشكەرلەرنىڭ كەينىدە قالغان بىر ئۆيلۈك كىشىنى خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. خان ئۇنىڭدىن « نېمە ئۈچۈن كەينىدە قالدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئۇ كىشى « كۆلۈكىمنىڭ ئازلىقىدىن لەشكەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن كېلىشۋاتاتتىم. خاتۇنۇم هامىلدار ئىدى، تۇغدى، ئاچلىق سەۋەبىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى ئوغلانغا يېتىشمىدى. كېلىشۋاتقىنىمدا سۈتنىڭ ياقىسىدا بىر شاغالنىڭ بىر قىرغاۋۇلنى ئالغانلىقىنى كۆردۈم. ياغاچ بىلەن شاغالنى ئۇرغانىدىم، قىرغاۋۇلنى تاشلاپ قاچتى. ئۇنى ئېلىپ كاۋاپ قىلىپ خاتۇنۇمغا بېرىپ تۇرغىنىمدا، ئارقىدا قويغان كىشىلىرىڭىز يولۇقۇپ ئېلىپ كەلدى» دېدى. خان ئۇ فەقىرگە ئات، ئوزۇق ۋە مال بېرىپ، سەن بۇ چېرىككە بارمىغىن دەپ، « قال! ئاچ!» دېدى. بارچە قالاچ ئېلى شۇ كىشىنىڭ نەسلىدىن ئىدى. ئۇلارنى هازىر خالاچ دەپ ئاتىشىدۇ، ئۇلار ماۋرا ئۇننەهىردە كۆپ، ئايماقتىكى ئەللەرگە قوشۇلۇپ كېتىشۋاتىدۇ؛ خۇراسان ۋە ئىراقتىمۇ كۆپلىگەن قالاچلار بار.

ئوغۇزخان تالاستىن سەمەرقەند ۋە بۇخاراغا كېلىپ، ئامۇ سۈيىدىن ئۆتۈپ خۇراسانغا باردى. ئۇ چاغدا ئىران يۇرتىدا ياخشى پادىشاھ يوق ئىدى. كەيۇمەرس ئۆلگەنىدى، هۇشەڭنى تېخىچە پادىشاھلىققا كۆتۈرمىگەنىدى. ئەرەبلەر مۇنداق چاغنى مۈلۈكى تاۋائىف دەيتتى. ئۇنىڭ مەنىسى ـــــ هەر بىر توپ ئەلدە بىر تۆرە دېگەنلىك ئىدى. تۈركلەر بۇنداق ۋاقىتنى ئۆي بېشىغا قاراخان دەيتتى. مەنىسى ـــــ هەر بىر ئۆيدە بىر قارا كىشى، هەربىرى بىر خان بولۇر، يەنى هەر ئۆيدە بىر خان دېگەنلىك ئىدى. ئۇ چاغدا ئىران يۇرتى شۇنداق ئىدى. ئوغۇزخان خۇراساننى ئالغاندىن كېيىن ئىراقى ئەجەم، ئىراقى ئەرەب، ئەزەربەيجان، ئەرمەن، شام ۋە مىسىرغىچە بولغان جايلارنى ئالدى. بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ بىر نەچچىسىنى ئۇرۇش بىلەن بېقىندۇرسا، بىر نەچچىسىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ئۆزىگە تەئەللۇق قىلدى.

ئوغۇزخان شام ۋىلايىتىدە تۇرغاندا، بىر نۆۋكىرىگە ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ ئوقنى خۇپىيانە بەردى. « بۇ يانى كۈن چىقىش تەرەپتىكى ئادەم ئايىغى باسمىغان چۆلگە بىر ئۈچىنى چىقىرىپ توپىغا كۆمۈپ قويىسەن. ئۈچ ئوقنى كۈن پېتىش تەرىپىگە ئاپىرىپ، يانى قانداق قىلغان بولساڭ، ئوقلارنىمۇ شۇنداق قىلىسەن» دېدى. ئۇ كىشى يارلىقنى ئورۇنلاپ كەلدى. بۇ ۋەقەدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۈچ چوڭ ئوغلى كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزنى چاقىرىپ « مەن يات يۇرتقا كەلدىم. ئىشىم كۆپ، ئوۋ ئوۋلىماققا قولۇم يېتىشمەيۋاتىدۇ. كۈن چىقىش تەرەپتە ، پالانى چۆلدە ئوۋ كۆپ ئىمىش دەپ ئاڭلىدىم. ئۆز نۆۋكەرلىرىڭلار بىلەن شۇ يەرگە بېرىپ قارا ئۆي ياساپ كېلىڭلار» دېدى. ئاندىن كېيىن كۆك، تاغ،

دېڭىز ئاتلىق ئۈچ كىچىك ئوغلىنى چاقىرىپ ئۇلارغىمۇ ئاكىلىرىغا ئېيتقان سۆزلىرىنى ئېيتىپ، كۆن پېتىش تەرەپكە يولغا سالدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۈچ چوڭ ئوغلى ئالتۇن يا بىلەن كۆپ ئوۋنى خان ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۈچ كىچىك ئوغلى ئالتۇن ئوق بىلەن كۆپ ئوۋنى كەلتۈردى. خان ئوغلانلىرىنىڭ يا بىلەن ئوقنى تېپىپ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئوۋ ئەتلىرىگە يەنە نۇرغۇن ئەت ۋە تۈرلۈك ئاش قوشۇپ، خەلقنى چاقىرىپ مېھمان قىلدى. ئوق بىلەن يانىڭ تېپىلغانلىقىنى ئىرىم قىلىپ، ئوغلانلىرىنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەردى. ئۈچ چوڭ ئوغلى يانى سۇندۇرۇپ ئۈلۈشۈۋالدى، كىچىكلىرى ھەرقايسىسى بىردىن ئوقنى ئالدى. ئوغۇزخان ئالغان ۋىلايەتلىرىدە كۆپ يىللار تۇرۇپ دۈشمەنلىرىنى يوق قىلىپ، دوستلىرىنى تارتۇقلاپ، بېشى سايرام، ئايىغى مىسىرغىچە ئالغان ۋىلايەتلىرىنىڭ بارچىسىغا ھاكىملىرىنى قويۇپ، قايتىپ ئۆز يۇرتىغا چۈشتى.

## ئوغۇزخاننىڭ يۇرتىغا كېلىپ توي قىلغانلىقىنىڭ زىكرى

ئوغۇزخان ئوغلانلىرىم ۋە خەلقىم بىلەن ئامان-ئېسەن بېرىپ كەلدىم، دەپ چوڭ توي يارىغىنى قىلىپ، بىر خارگاھ ياساتقۇزدى. بارچە ياغاچلارنىڭ تېشىنى ئالتۇن بىلەن قاپلاتتى. لەئىل، ياقۇت، زۇمرەت، فىرۇزە ۋە دۇر بىلەن بېزەتتى. بۇ ئۆيىنى تەرىپلەپ مۇنداق بېيىت ئېيتىلغاندى:

بىر ئۆي تىكتى ئالتۇندىن ئول شەھرىيار،

كىم ئۇ ئۆي فەلەك ئۆيىدىن قىلدى خار.

توققۇز يۈز ئات، توققۇزمىڭ قوي ئۆلتۈردى. بولغاردىن توقسان توققۇز ھەۋز قىلدۇرۇپ، توققۇزىغا ھاراق، توقسىنىغا قىمىز تولدۇردى. ھەممە نۆۋكەرلىرىنى چاقىرىپ كەلتۈردى. ئوغۇزخان ئالتە ئوغلىغا كۆپ نەسھەتلەر ئېيتىپ، بىلىكلەر ئۆگىتىپ، يۇرت-شەھەرلەر، ئەللەر ۋە ئىنئاملار بەردى. ئۇنىڭغا بېغىشلاپ مۇنداق بېيىتلار ئېيتىلغاندى:

ئوغۇز قىلدى بۇ تويدا كۆپ خوشاللىق،

بەردى بۇ ئالتە ئوغلىغا سۈيۈرغاللىق.

بۇلارمۇ كۆرستىشتى مەردانىلىك،

ئاتىسىغا ئېھتىراملىق پەرزەندىلىك.

ھەمجەھەت بىرلە تۇتتى يارلىق،

ئۇرۇش كۈنىدە كۆرسەتتى پىداكارلىق.

ئاندىن كېيىن بارچە نۆكەرلەرنىڭ ئاتقان-چاپقان ۋە قىلغان خىزمەتلىرىگە لايىق شەھەرلەر، سەھرالار، كەندلەر ۋە ئىنئاملار بەردى. ئوغلانلىرىغا مۇنداق دېدى: سىلەر ئۈچ چوڭ ئوغلۇم ئالتۇن يانى تېپىپ ئېلىپ كەلدىڭلار، يەنە ئۇنى سۇندۇرۇپ ، بۇزۇپ ئالدىڭلار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىڭلار بۇزۇق بولسۇن. سىلەردىن بولغان ئوغلانلارنىمۇ تا قىيامەتكىچە « بۇزۇق» دېسۇن ، ئۈچ ئوقنى تېپىپ كەلگەن ئۈچ كىچىك ئوغلاننى ۋە ئۇلاردىن بولغانلارنى بۇگۈندىن تا دۇنيا ئاخىر بولغىچە « ئۈچئوق» دېسۇن. يا ۋە ئوقنى تېپىپ كەلگىنىڭلار بىرەر كىشىنىڭ سەۋەبىدىن بولماي بەلكى تەڭرىدىن بولدى. بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن خەلقلەر يانى پادىشاھ ئورنىدا، ئوقنى ئەلچى ئورنىدا بىلىشەتتى. چۈنكى يا ئوقنى قايسى تەرەپكە تارتىپ قويۇپ بەرسە ئوق شۇ يەرگە باردۇ. ئەمدى مەن ئۆلگەندىن كېيىن كۈن خان مېنىڭ تەختىمدە ئولتۇرسۇن، ئاندىن كېيىن بۇزۇق نەسلىدىن كىم قايىل بولسا خەلق ئۇنى پادىشاھ قىلسۇن. دۇنيا ئاخىر بولغۇچە بۇزۇقلارنىڭ ياخشىسى پادىشاھ بولسۇن، ئۆزگىلەر ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرسۇن. ئۈچ ئوقلار سول بولسۇن، ئۆيىنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرسۇن ۋە دۇنيا ئاخىر بولغۇچە نۆكەرلىككە رازى بولسۇن.

ئوغۇزخان بىر يۈز ئون ئالتە يىل پادىشاھلىق قىلىپ، ھەق رەھمىتىگە باردى.

## ئوغۇزخاننىڭ چوڭ ئوغلى كۈنخاننىڭ پادىشاھلىقىنىڭ زىكرى

ئوغۇزخاننىڭ ئۇيغۇر دەپ ئات قويغان جامائىتىنىڭ ئاقساقىلىنىڭ ئەرقىل خوجا ئاتلىق ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئوغۇزخان تەختتە ئولتۇرۇپ تا ئۆلگىچە ئوغۇزخاننىڭ ۋەزىرى، ۋەكىلى بولغانىدى. ئۇ ئەقىللىق، دانىشمەن ۋە كۆپ بىلىملىك كىشى ئىدى. كۈن خانمۇ ئۇنى ۋەزىر قىلدى. تا ئۆلگىچە ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلدى. ئەرقىل خوجا ئۇزاق ئۆمۈر كۆردى، كۈنلەردىن بىر كۈنى خان يالغۇز ئولتۇرغاندا « ئاتاڭ يۈز ئون ئالتە يىل يازنىڭ ئىسسىقدا سايىدا

ئولتۇرماي، قىشنىڭ سوغۇقىدا ئۆيدە ئولتۇرماي، قىلىچ ئۇرۇپ كۆپ يۇرتلارنى ئېچىپ سىز باشلىق ئالتە يىلەنگە قويۇپ كەتتى. ئەگەر سىلەر ئالتىڭلارنىڭ ۋە سىزلەردىن بولغان ئوغلانلارنىڭ بارچىڭلارنىڭ ئاغزىڭلار بىر بولسا، ئۇزاق يىللارغىچە يۇرتلار قولۇڭلاردىن چىقماس، ئەگەر ئاغزىڭلار بىر بولمىسا ئۇ چاغدا يۇرتۇڭلار ، مال-دۇنيايىڭلار ، ھەتتا جېنىڭلارمۇ كېتەر» دېدى.

كۈن خان « سىز ئاتامغىمۇ كېڭەش بېرەتتىڭىز، سىز ئاتامنىڭ ئورنىدا ئاتامسىز، سىز نېمە ئىشنى خوپ كۆرسىڭىز، شۇ ئىشنى قىلىمەن» دېدى. ئەرقىل خوجا مۇنداق دېدى« ئوغۇزخاندىن كۆپ يۇرتلار ، شەھەرلەر، ئەللەر ۋە جانسىز ماللار ۋە تىرىك ماللار قالدى. سىلەر ئالتە ئوغۇلنىڭ ھەربىرىڭلاردىن تۆت ئوغۇلدىن بولۇپ جەمئىي يىگىرمە تۆت شاھزادە تۇغۇلدى. سىلەر ئالتىڭلاردىن باشقىلىرىنىڭ دۇنيا ئۈچۈن ئالا كۆڭۈل بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. »

بېيت:

زەر ئالتۇن، مال-دۇنيا، نېمەت كۆزلىمەي،

ھېچقايسى ماڭا ئاز، ساڭا كۆپ دېمەي.

بىر نىشان كۆزلىشىپ ، يولدىن ئاداشماي،

نامۇ-شان ھەم نامغا ھەرگىز ئاداشماي.

ھەر ئىشتا كېڭىشىپ بىر ئېغىز بولۇپ،

جەڭ-جاپا چېغىدا بىر ئېغىز بولۇپ.

ھەر زامان ئاتانىڭ يولىنى تۇتقاي،

ھەر ئىشتا خالايىق دادىغا يەتكەي.

كۆيۈنۈپ ئەرقىل خوجا قىلدى نەسىھەت،

بوۋاينىڭ سۆزىگە قىلدى خوپ پىسەند.

كۈن خان ئەرقىل خوجىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلۇغ قۇرۇلتاي چاقىردى. ياخشى-يامان خەلقنىڭ بارچىسى كەلگەندىن كېيىن، ئوغۇزخاندىن قالغان ۋىلايەتلەر، ئەللەر ۋە جانسىز ماللار، تىرىك ماللارنىڭ ھەممىسىنى شاھزادىلەرنىڭ چوڭىغا چوڭچە، كىچىككە كىچىكچە بۆلۈپ بەردى. بۇ يىگىرمە تۆت ئوغۇل رەسمىي خوتۇنلىرىدىن بولغانىدى. بۇنىڭدىن ئۆزگە توقاللىرىدىن بولغان ئوغۇللارمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلارغىمۇ ئەھۋاللىرىغا لايىق نېمەتلەر بېرىلدى. ئاندىن كېيىن ئوغۇزخان قىلدۇرغان ئالتۇن ئۆيىنى تىكتۈردى. ئوڭ ياقىقا ئالتە ئاق ئۆرگە، سول ياقىقا ئالتە ئاق ئۆرگە تىكتۈردى، ئوڭ ياقىقا ئۇچىغا ئالتۇن توخۇ بېكىتىلگەن قىرىق غۇلاچ ياغاچنى تىكتۈردى؛ سول ياقىقا ئۇچىغا كۈمۈش توخۇ بېكىتىلگەن قىرىق غۇلاچ ياغاچنى تىكتۈردى. خان يارلىقى بويىچە بۇزۇق ئوغلانلىرى ۋە نۆۋكەرلىرى ئالتۇن توخۇنى، ئۈچئوق ئوغلانلىرى نۆۋكەرلىرى بىلەن كۈمۈش توخۇنى ئات چېپىپ كېتىۋېتىپ ئاتتى. كۈن خان ئاتىسىنىڭ قىلغىنىغا ئەمەل قىلىپ توققۇز يۈز ئات ۋە توققۇز مىڭ قوي ئۆلتۈردى. توققۇز بولغار ھەۋزىگە قىمىز توسالدۇردى، قىرىق كېچە-كۈندۈز ئەيش-ئىشرەت قىلدى.

## ئوغۇزخاننىڭ ئوغلانلىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ

## ئاتلىرىنىڭ زىكرى

ئوغۇزخاننىڭ ئالتە ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنىڭ ئىېتى كۈن خان، ئىككىنچىسى ئاي خان، ئۈچىنچىسى يۇلتۇزخان، تۆتىنچىسى كۆك خان، بەشىنچىسى تاغ خان، ئالتىنچىسى دېڭىزخان ئىدى. بۇ ئالتىسىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى. رەسمىي خوتۇندىن بولغان ۋە توقاللىرىدىن بولغانلىرىمۇ بار ئىدى. شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ ئۆتكىمىز كېلىدۇ.

كۈن خاننىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى: چوڭى قايى، ئىككىنچىسى بايات، ئۈچىنچىسى ئالقا ئەۋلى، تۆتىنچىسى قارا ئەۋلى ئىدى؛

ئاي خاننىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى: چوڭى يازىر، ئىككىنچىسى يابىر، ئۈچىنچىسى دۇدۇرغا، تۆتىنچىسى دۆكەر ئىدى؛

يۇلتۇزخاننىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى: چوڭى ئوشار، ئىككىنچىسى قارناق، ئۈچىنچىسى بېكتىلى، تۆتىنچىسى قارقىن ئىدى؛

كۆك خاننىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى: تۇنجىسى بايانىدۇر، ئىككىنچىسى بەچەنە، ئۈچىنچىسى چاۋۇلدۇر، تۆتىنچىسى

جەبنى ئىدى؛

تاغ خانىنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى: چوڭى سەلۇر، ئىككىنچىسى ئەمار، ئۈچىنچىسى ئالايونتلى، تۆتىنچىسى ئۈرگىر ئىدى؛

دېڭىزخانىنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى: چوڭى ئىگدىر، ئىككىنچىسى بۈكدىز، ئۈچىنچىسى ئاۋە، تۆتىنچىسى قىنىق ئىدى.

ئوغۇزخانىنىڭ بۇ ئالتە ئوغلىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ بۇ ئېيتىلغانلىرىدىن باشقا، يەنە توقاللىرىدىن بولغان تۆتتىن ئوغلى بار ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ قايسى ئوغلىدىن بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئۇلار: كەنەكۆنە، تۇرباتلى، كېرەيلى، سۇلتانلى، ئوقلى، كۆكلى، سۇجلى، خۇراسانلى، يۇرتچى، چامچى، تۇرۇمچى، قۇمى، سۇرقىي( ھازىر ئۇنى سۇرخىي دەيدۇ)، قۇرچىق، سۇۋارچىق، قاراچىق، قازغۇرت، قىرغىز، تىكىن، لولا، مۇردا شوي، سايىر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## ئوغۇزخانىنىڭ يىگىرمە تۆت نەۋرىسىنىڭ

## ئاتلىرىنىڭ مەنىلىرى

قايىنىڭ مەنىسى —— مەھكەم؛ باياتنىڭ مەنىسى —— دۆلەتلىك؛ ئالقائەۋلىنىڭ مەنىسى —— مۇۋاپىق؛ قارائەۋلىنىڭ مەنىسى —— قەيەردە ئولتۇرسا چېدىر تىكىپ ئولتۇرغۇچى؛ يازىرنىڭ مەنىسى —— ئەل ئاغىسى؛ يابىرنىڭ مەنىسى —— ئالدىغا نېمە ئۇچرىسا شۇنى يىغار؛ دۇدۇرغانىڭ مەنىسى —— يۇرتنى ئالماق ۋە ساقلىماقنى بىلگۈچى؛ دۆكەرنىڭ مەنىسى —— تۆڭگىلەك يەنى توپلانغان؛ ئوشارنىڭ مەنىسى —— ئىشنى ئىلدام ئىشلىگۈچى؛ قارناقنىڭ مەنىسى —— بۆكە؛ بېكتىلىنىڭ مەنىسى —— سۆزى ھۆرمەتلىك؛ قارقىنىنىڭ مەنىسى —— رىزقلىق؛ باياندۇرنىڭ مەنىسى —— نېمەتلىك؛ بەچەنەنىڭ مەنىسى —— سەئى قىلغۇچى؛ چاۋۇلدۇرنىڭ مەنىسى —— نومۇسلۇق؛ جەبنىنىڭ مەنىسى —— باھادىر؛ سالۇرنىڭ مەنىسى —— قىلىچلىق؛ ئەمارنىڭ مەنىسى —— بايلارنىڭ بېيى؛ ئالايونتلىنىڭ مەنىسى —— ئالا ئاتلىق؛ ئۈرگىرنىڭ مەنىسى —— ياخشى ئىش قىلغۇچى؛ ئىگدىرنىڭ مەنىسى —— ئۇلۇغ؛ بۈكدىزنىڭ مەنىسى —— خىزمەتكار؛ ئاۋەنىڭ مەنىسى —— يۇقۇرى مەرتىۋىلىك؛ قىنىقنىڭ مەنىسى —— ئەزىز دېمەك بولۇر.

كۆن خان يەتمىش يىل پادىشاھلىق قىلغاندىن كېيىن ئىنىسى ئاي خاننى ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ھەق رەھمىتىگە

كەتتى.

## ئاي خاننىڭ پادىشاھلىقىنىڭ زىكرى

ئاي خان ياخشى، ئادىل، ئېغىر-بېسىق ۋە ئەدەپلىك كىشى ئىدى. ئاتىسىنىڭ ۋە ئاكىسىنىڭ نەسىھەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ، كۆپ يىللار ئاتىسىنىڭ سالغان يولىدا يۈرۈپ، ھەق رەھمىتىگە كەتتى.

## يۇلتۇزخاننىڭ زىكرى

بۇمۇ ياخشى پادىشاھ ئىدى. ئەمما ئۇ ئاي خاننىڭ نەۋرىسىمۇ ياكى ئۆزگە قېرىندىشىمۇ، نېمىسى ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلالمايمىز. يۇلتۇز ئاتلىق بىر ئىنىسى بار ئىدى، لېكىن ئۇ ئەشۇ يۇلتۇزخان ئەمەس. مەيلى كىم بولسا بولسۇن، ئوغۇزخان نەسلىدىن ئىدى. بىرنەچچە يىل پادىشاھلىق قىلىپ ئوغلى ماڭلاينى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ ۋاپات بولدى.

## ماڭلاي خاننىڭ زىكرى

بۇمۇ ياخشى پادىشاھ ئىدى. بىرنەچچە يىل گۆش يەپ، قىمىز ئىچىپ، ئاق مويىنا، قار قۇندۇز ئېگىن كىيىپ، ئايدەك كۈندەك گۈزەللەرنى قۇچۇپ، سىمابتەك يورغىلارنى، يەلدەك يۈگۈرۈك ئاتلارنى مىنىپ، كۆڭلى تارتقان تەرەپلەرگە ئۇچۇپ، ئوغلى دېڭىز خاننى ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، ئۇ دۇنياغا كەتتى.

## دېڭىزخاننىڭ زىكرى

دېڭىزخان كۆپ يىللار پادىشاھلىق قىلدى، ئۇزۇن ئۆمۈر تاپتى، قېرىغاندا ئوغلى ئېل خانغا پادىشاھلىقنى تاپشۇرۇپ، بىرنەچچە يىللار تەڭرىگە بەندىلىك قىلىپ ۋاپات تاپتى.

## ئېل خاننىڭ زىكرى

ئېل خان موغۇل ئېلىگە پادىشاھ بولدى. يۇقۇرىدا تاتار خانلىرىنىڭ توققۇزىنچىسىنى سېۋىنچخان دېگەنىدۇق. ئېل خان بىلەن سېۋىنچخان ئىككىسى زاماندىاش ئىدى. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ھەمىشە ئۇرۇش-تالاش بولۇپ تۇراتتى. ئېل خان غالىب كېلەر ئىدى. شۇ سەۋەبتىن سېۋىنچخان قىرغىزخانىغا كىشى ئەۋەتتى. نۇرغۇن نەرسە-كېرەك بېرىپ، ھەم كۆپ ۋەدىلەرنى قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە دوست-يار قىلدى. ئۇ يەرلەردە ئەل كۆپ ئىدى. موغۇللار شۇ ئەللەرنىڭ بارچىسىدىن كۆپ ئىدى. ھەر زامان ئۇرۇش-تالاشلار بولغاندا موغۇللار غالىب كېلەتتى. تۈرك ئەللىرىدە موغۇلنىڭ ئايىغى تەگمىگەن ۋە قولى يەتمىگەن ئەل يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بارچە ئەللەر موغۇلنى خەپ سېنىمۇ، دەر ئىدى. سېۋىنچخان قىرغىزخانىنى ئۆزىگە يار قىلغاندىن كېيىن، باشقا ئەللەرنىڭ بارچىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىگە ياردەم قىلىپ، پالانى يەردە پالانى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى يىغىلايلى، موغۇلدىن ئۆچىمىزنى ئالايلى، دەپ ۋەدىلەشكەن يەرگە يىغىلىپ موغۇلنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى.

موغۇل ئېلى ئۆيلىرى بىلەن ماللىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، چېرىكلىرىنى ئۆيلىرىنىڭ ئالدىدا ئورا قازدۇرۇپ، كۈتۈپ ئولتۇردى. سېۋىنچخان بېرىپ ئون كۈنگىچە ئۇرۇشتى. ھەر كۈنى موغۇل غالىب كەلدى. بىر كۈنى سېۋىنچخان باشلىق بۇ بارچە ئەللەرنىڭ خانلىرى ۋە بەگلىرى ئوۋلاقتا كېڭەشتى. موغۇللارغا ھىيلە قىلمىساق ئىشىمىز يامان بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ، ئەتىسى ئەتىگەندە بىردىنلا يېڭىلىپ قاچقان لەشكەرلەردەك ئېغىر يۈك ۋە يامان ماللىرىنى تاشلاپ

كۆچۈپ قايتىشتى. موغۇللار بۇنى ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيتۇ، دەپ قاراپ ئارقىدىن قوغلاپ يېتىشتى. تاتارلار قوغلاپ كەلگەن موغۇلنى كۆرۈپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۇرۇش قىلدى. ئىككى تەرەپ ئۇرۇشتى، تاتار غالىب كەلدى. موغۇللارنى ئۆلتۈرە-ئۆلتۈرە ئۆيىگىچە كەلدى. بارچە موغۇلنىڭ ئۆيى بىر يەردە ئىدى. موغۇللارنىڭ ئۆي-ۋاقى ، بارلىق ماللىرىنى قولىغا چۈشۈردىكى، بىر ئۆيلۈكمۇ قۇتۇلالمىدى. چوڭلىرىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ، كىچىكلىرىنى قۇل قىلىپ، قۇل بولغانلارنى ھەركىم ئۆز ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەتتى. موغۇللاردىن ھېچكىم قالمىدى. قالغانلىرى كىشىنىڭ ئىشىكىدە قۇل بولدى. غوجىسى قايسى ئەلدىن بولسا، شۇ ئەلنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى. موغۇللار دۇنيادا پەقەت قالمىدى.

## قىيان بىلەن نۇكۇزنىڭ ئەرقىنەقۇنغا بېرىپ يۇرت قىلىپ

### ئولتۇرغانلىقىنىڭ زىكرى

سىۋىنچخان موغۇلنى قىرغىن قىلىپ قايتىپ كەلگەندى. ئېلخاننىڭ ئوغۇللىرى كۆپ ئىدى. بارچىسى ئۇرۇشتا ئۆلدى. قىيان ئاتلىق بىر كىچىك ئوغلى بار ئىدى، ئۇنى شۇ يىلى ئۆيلىگەندى، ئېلخاننىڭ ئىنىسىنىڭ قىيان بىلەن قۇرداش نۇكۇز ئاتلىق بىر ئوغلىمۇ بار ئىدى، ئۇنىمۇ شۇ يىلى ئۆيلىگەندى. ئىككىسى بىر قوشتىكى كىشلەرنىڭ قولىغا چۈشكەن ئىدى، ئاردىن ئون كۈندەك ئۆتكەن بىر كۈنى كەچتە ئىككىسى خوتۇنلىرى بىلەن ئاتلىنىپ قاچتى. ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىغا كەلسە ئاداشقان ۋە ياۋدىن قايتىپ كەلگەن تۆت خىل چارۋا مالنىڭ ھەر تۈرلۈكىدىن كۆپ مال بار ئىكەن، ئىككىسى: ئەلگە بارايلى دېسەك ، تۆت تەرەپتىكى ئەلنىڭ بارچىسى بىزگە ياۋ، يۇرتتا ئولتۇرساق يۈرگەن-تۇرغان چاغلىرىمىزدا بىرەر كىمگە ئۇچرىماي قالمايمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە تاغنىڭ ئىچىدىن كىشلەرنىڭ ئايىغى يەتمەيدىغان بىر يەر تاپايلى، دەپ كېڭەشتى. ماللىرىنى ھەيدەپ تاغنىڭ ئىچىگە باردى. ئىگىز تاغنىڭ ئۈستىدە ئارقارنىڭ سالغان يولىغا چۈشۈپ ماڭدى، تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ نېرى يۈزىگە چۈشتى. ئايلىنىپ-چۆرگىلەپ قاراپ كۆرۈپ باققانىدى، ئۆزلىرى كەلگەن يولدىن باشقا ھېچ يول يوق ئىكەن. كەلگەن يوللىرى بەك خەتەرلىك بولۇپ، تۆگە بىلەن ئات ملك تەسلىكتە يۈرىدىغان يول ئىكەن. ئەگەر ئاياغنى قىيا بېسىپ سالسا، ياردىن چۈشۈپ پارە-پارە بولۇپ كېتىدىكەن. تاغنىڭ ئىچىنىڭ كەڭلىكىنىڭ ھېچ چېكى يوق ئىدى. ئاقار سۇلار، چەشمىلەر، تۈرلۈك -تۈرلۈك ئوتلار، مېۋىلىك دەرەخلەر، تۈرلۈك ئوۋلار بار ئىكەن. ئۇلار بۇ يەرنى كۆرگەندىن كېيىن، تەڭرىگە شۈكۈر قىلىشتى. قىشتا ماللىرىنىڭ گۆشىنى يېدى، يازدا سۈتىنى ئىچتى، تېرىسىنى كىيدى. ئۇ يەرگە ئەرقىنەقۇن دەپ ئات قويدى.

«ئەرقىنە» نىڭ مەنىسى—— تاغنىڭ كامىرى دېگەنلىك، « قۇن» نىڭ مەنىسى—— تېز، ئۆتكۈر دېگەنلىك ئىدى. تاغنىڭ قىرى ئىدى. بۇ ئىككى سەۋەبتىن ئوغلانلىرى كۆپ بولدى. قىيانىنىڭ ئەۋلادى كۆپ بولدى، نۇكۇزنىڭ ئەۋلادى ئۇنىڭدىن ئاز بولدى. قىيان ئەۋلادىنى قىيان دەر ئىدى، نۇكۇز ئەۋلادىغا ئىككى ئات قويدى: بىرنەچچىسنى نۇكۇزلار دېدى؛ يەنە بىرنەچچىسنى دۇرۇلغان دەپ ئاتىدى.

قىيانىنىڭ مەنىسى—— تاغدىن كۈچ بىلەن تۆۋەنگە تېز ئاققان سەل دېگەنلىك ئىدى. ئېلخانىنىڭ بۇ ئوغلى شۇنداق كۈچلۈك، چاققان كىشى ئىدىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى قىيان دېيىشەتتى. قىيات—— قىيانىنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوغلانلىرى كۆپ يىللار ئەرقىنەقۇندا تۇردى. ئۈچلىرى ئۇزاردى، يانلىرى يېيىلدى. ھەربىر جامائەت باشقا-باشقا ئۇماق بولۇپ، بىر ئۇرۇق بولۇپ ئاتالدى. تەڭرىم بۇيرىسا بارچىسنى ئېيتىمىز. ئۇماقنىڭ مەنىسى—— سۆڭەك، پۇشت دېگەنلىكتۇر. تۈرك خەلقى بىرەرىدىن « ئۇماقىڭ نېمە» دەپ سورىشىدۇ. ئۇلار تۆت يۈز يىلدىن ئارتۇقراق ئەرقىنەقۇننىڭ ئىچىدە ئولتۇردى. ماللىرى ۋە نەسلى شۇنداق كۆپەيدىكى، سىغماي قالدى. ئۇلار شۇ سەۋەبتىن بىر يەرگە يىغىلىپ كېڭەش قىلىپ مۇنداق دېيىشتى: ئاتىلىرىمىزدىن ئىشىتكەن ئىدۇق، ئەرقىنەقۇننىڭ تېشىدا كەڭ يەرلەر، ياخشى يۇرتلار بار ئىكەنمىش، بىزنىڭ يۇرتىمىز قەدىمدە شۇ يەرلەر ئىكەن. تاتار باشلىق ئۆزگە ئەللەر بىزنىڭ ئۇرۇقىمىزنى قىرىپ، يۇرتىمىزنى ئالغانىكەن. تەڭرىگە شۈكۈر، ھازىر بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئۇنداق ئەمەس، ئەمدى ياۋدىن قورقۇپ تاغ ئىچىگە قامىلىپ ئولتۇرۇۋەرمەيمىز. تاغلار ئارىسىدىن يول ئىزدەپ تاپايلى، كۆچۈپ چىقايلى، كىم بىزگە دوستمەن دېسە، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەيلى، دۈشمەن دېسە سوقۇشايلى. بارچىلىرى بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ تاغدىن چىقىشنىڭ يولىنى ئىزدىدى، تاپالمىدى. بىر تۆمۈرچى بار ئىدى، ئۇ:« پالانى يەردە بىر تۆمۈر كان بار. شۇنى تاۋلاپ، تۆمۈرنى ئېرىتسەك يول چىقىشى مۇمكىن» دېدى. ئۇلار بۇ يەرگە بېرىپ كۆرۈپ كەلدى، بۇ ئىشقا ماقۇل بولدى. ئەلگە ئوتۇن بىلەن كۆمۈر يىغدۇردى، تاغنىڭ كاتتىك يېرىگە بىر قات ئوتۇن، بىر قات كۆمۈر سالدى. تاغنىڭ ئۈستىنى ، نېرىقى ۋە بېرىقى يۈزىنى ئوتۇن-كۆمۈر بىلەن تولدۇرغاندىن كېيىن، يەتمىش تېرىدىن كۆررەك ياساپ، يەتمىش يېرىدىن كۆرىدى. بىر كۆررەش بىلەنلا، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئوت قىزىغاندىن كېيىن تاغ تۆمۈر بولۇپ ئېقىۋەردى-دە، يۈكلۈك تۆگە چىققۇدەك يول ئېچىلدى. ئۇلار ئاي-كۈننىڭ سائىتىگە قاراپ تاشقىرىغا چىقتى، توي قىلدى، شۇ كۈننى ھېيت قىلىش شۇنىڭدىن بېرى موغۇلنىڭ رەسمىگە ئايلاندى. ئۇ كۈنى بىر پارچە تۆمۈرنى ئوتقا سېلىپ

قىزارغان چاغدا خان ئۇنى ئەنبۇر بىلەن قىسىپ تۆت سەندەل ئۈستىگە قويۇپ بولقا بىلەن سوقىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موغۇللىنىڭ بەگلىرى شۇ كۈننى قامالدىن چىقىپ ئاتا يۇرتقا كەلگەن كۈنىمىز دەپ ئاجايىپ ئەزىزلەيدۇ.

ئۇ ۋاقىتتىكى موغۇللىنىڭ پادىشاھى بارتەمچىنە قىيان نەسلى ۋە قۇرلاس ئۇرۇقىدىن ئىدى. ئۇ بارچە ئەللەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەرقىنەقۇندىن چىقىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. بۇلارنى بەزىلەر ياخشى كۆردى، بەزىلەر يامان كۆردى. تاتار خەلقى يامان كۆرۈپ ياۋ بولدى. تاتار بىلەن موغۇل سەپ تارتىپ سوقۇشتى. موغۇللار يېڭىپ چوڭلىرىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ، كىچىكلىرىنى قۇل قىلدى. تۆت يۈز ئەللىك يىلدىن كېيىن، قىنىغا قان، مىلىغا مال ئالدى. ئاتا يۇرتىدا ئولتۇردى، ئۇ يەردە ئولتۇرغان تۈرك ئەللىرىنىڭ ئىچىدە تاتاردىن كۆپى ۋە تۇغۇشلۇقى يوق ئىدى.

موغۇللار ئەرقەنەقۇندىن چىقىپ، تاتارلارنى قىرىپ، ئاتا يۇرتىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار تاتار يېرىدە بارچە ئەللەرگە باش بولدى. بەزى ئەللەر موغۇللارنى پاناھ كەلتۈرۈپ، موغۇل بولمىسمۇ موغۇلمىز دەپ، موغۇلغا قوشۇلۇپ كەتتى.

## موغۇللىنىڭ ۋە ئۆزگە تۈركلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنىڭ زىكرى ، ئەسلى ئاتلىرى ۋە لەقەملىرىنىڭ نىمە ئىكەنلىكى

قازۋىنىلىك خوجا رەشىد مۇنداق دەيدۇ: ئىراندا چىڭگىزخان ئەۋلادىدىن پادىشاھلىق قىلغان جامائەتتىن مۇسۇلمان بولغان كىشى غازانخان ئىدى. چىڭگىزخان ئوغلى تولۇيخان ، ئۇنىڭ ئوغلى ھۇلاگۇخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئاباقاخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئارغۇنخان، ئۇنىڭ ئوغلى غازانخان ئەلەيھىررەھمە ئىدى. ئۇ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن تەبرىزنى پايتەخت قىلدى. مېنى چاقىرىپ ئىنايەت يۈزى بىلەن ۋەزىر قىلدى. تامام ئىران مەملىكىتىنىڭ ئىختىيارىنى مېنىڭ قولۇمغا بەردى. بىر يىل بولغاندىن كېيىن بىر كۈنى مېنى چاقىرتىپ« ئەلھەمدۇلىللاھ، بىز مۇسۇلمان بولدۇق، بىزنىڭ ئۇلۇغ ئاتىمىز ھۇلاگۇخان موغۇلىستاندىن كەلگەندىن بېرى ئىككى-ئۈچ ئەۋلاد ئۆتتى. بىزدىن كېيىن دۇنياغا كەلگەنلەر موغۇللىنىڭ تىلىنى، يوسۇنىنى، يېرىنى، يۇرتىنى ۋە ئۇرۇقلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. موغۇل يۇرتىدا ئولتۇرغان ئەل كۆپ. ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ سۆڭىكى موغۇل، قايسىسى موغۇل ئەمەس، بۇنى كېيىنكىلەر بىلمەيدۇ. شۇلارنىڭ بارچىسىنى بىر يەرگە جەمئى قىل » دەپ ھۆكۈم قىلدى.

مەن ئەرز قىلىپ« بىر ئادەمنىڭ قولىدىن بىر ئىش كېلىدۇ، ماڭا ئۇلۇغ ئىشنى بۇيرۇپسىز » دېدىم. خان:« بۇ ئىش

سىنىڭدىن ئۆزگە كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەس، بىزدە موغۇل يېزىقىدىن يېزىلغان كىتابلار بار، كىتابقا پۈتۈلمىگەن سۆزلەرنى يادقا بىلىدىغان كىشىلىرىمىز بار» دەپ، مېنىڭ قېشىمغا موغۇلنىڭ كونا سۆزىنى بىلىدىغان بەش-ئالتە كىشىنى قوشۇپ قويدى. خاننىڭ پولات دەيدىغان بىر ئۇلۇغ بېگى بار ئىدى. لەقىمى چىڭساڭ ئىدى. ئۇنىڭغا ، ھازىر موغۇلنىڭ ئەسلى ۋە نەسەبىنى سەندىن ئارتۇق بىلىدىغان كىشى يوق، يەنە موغۇلنىڭ تىلىنى بىلسەڭ ھەم كىتابنى ئوقۇيالايسەن دەپ پادىشاھ ئالاھىدە بۇيرۇغاندىن كېيىن پولات چىڭساڭ باھادىر باشلىق ئۇ جامائەت ئېيتىپ بەردى. مەن بۇ تارىخنى ھىجرىيىنىڭ يەتتە يۈز ئىككىنچى يىلى پۈتتۈم ۋە نامىنى « جەمئۇت تاۋارىخ» دەپ قويدۇم......

شۇ تارىخ ھازىر فەقىرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. كىتابنىڭ بېشىدا ئېيتقانمەن. بۇنىڭدىن باشقا ئون يەتتە چىڭگىزنامە ھازىر تۇرۇپتۇ. ئاشۇ كىتابلارنىڭ بەتلىرىدىن كۆچۈرۈۋاتىمەن. خوجا رەشىدتىن بۇيانقى ئۈچ يۈز يەتمىش ئىككى يىل جەريانىدا، كاتىپلار دېگەن بىمۇرۇۋۋەت ئەخمەقلەر بىر كىتابتىن يەنە بىر كىتابقا كۆچۈرۈۋېلىپ يىگىرمە-ئوتتۇز نۇسخا پۈتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنى خۇدا بىلىدۇ. نۇسخىدىن نۇسخىغا كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن بارا-بارا گەپ-سۆزلەر غەلىتە بولۇۋېرىپ، تارىخلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى، ھەتتا يېرىمىنى غەلىتە قىلىۋەتكەن.

تارىخلارغا پۈتۈلگەن تاغلارنىڭ ، سۇلارنىڭ ، كىشىلەرنىڭ ئاتلىرى يا موغۇل، يا تۈرك تىلىدا ئىدى. كىتاب تۈزگۈچىلەر بىلەن پۈتۈكچى كاتىپلارنىڭ ھەر ئىككىسى تاجىك بولغانلىقتىن نە موغۇل تىلىنى، نە تۈرك تىلىنى بىلمەيدۇ. موغۇلنىڭ بەزى كىشىلىرىنىڭ ئاتلىرىنى بىر تاجىكقا ئون كۈن ئۆگەتسىمۇ ئېيتىشقا تىلى كەلمەس. شۇنداق ئىكەن ئۇ قانداق قىلىپ پۈتەلىسۇن؟ خۇدايىتائالا ماڭا تۈرك، يەنە پارس تىلىنى، لۇغەتلىرىنى ۋە ئاتالغۇلىرىنى بىلىشكە نېسىپ قىلغانىكەن. ھازىرقى چاغدا، تۈرك بىلەن تاجىكنىڭ ئىچىدە ئۇ تىللارنى مېنىڭ بىلگىنىمدەك بىلىدىغان كىشىلەر يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر سەۋەب بىلەن قالماقلارنىڭ ئارىسىدا بىر يىل تۇردۇم. موغۇلنىڭ تىلىنى ، يوسۇنىنى، ئاتالغۇلىرىنى ياخشى ئۆگەندىم. بۇ تارىخنى ياخشى-يامانلارنىڭ بارچىلىرى بىلسۇن، دەپ تۈركىي تىلى بىلەن يازدىم. تۈركىي تىلى بىلەن بەش ياشلىق ئوغلانمۇ چۈشىنەلەيدىغان قىلىپ ياخشى يازدىم. روشەن بولسۇن دەپ چىغاتاي تۈركچىسىدىن، پارسچىدىن، ئەرەبچىدىن بىرمۇ سۆز قوشمىدىم. ئەگەر ئەجەلنىڭ ئۈندىگۈچىسى ئۈندەپ كېلىپ قالمىسىلا، تەڭرى يەتكۈزسە ئۇشبۇ كىتابنى پارس تىلىدىمۇ يېزىش ئويۇم بار. ئەمدى كۆپ سۆزلىدۇق، سۆزلەيمىز دەپ باشلىغان

سۆزىمىزدىن قالمايلى. موغۇلدىن باشقا ئۇرۇقلار ئۇستىدە بىلگەنلىرىمىزنى ئېيتايلى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەكرىم بۇيرىسا يەنە موغۇل توغرىلىق ئېيتارمىز. ئوغۇزخاننىڭ بايانىدا تۈرك ئېلىدىن تۈرك دەپ ئاتالغان بەش ئۇرۇقنى ئېيتقانىمىز. ئۇلار ئۇيغۇر، قىنقلى، قىپچاق، قالاچ، قارلۇق.

قالاچ-ئوغۇز ئوغلانلىرى تۈركمەندىن ئايرىلماي ، ماۋرا ئۇننەھر ۋە خۇراسانغا چۈشتى. قىپچاق—— تىن، ئاتىل، يايىق سۇلىرىنىڭ ئارىسىدا ماكانلاشتى. قىنقلى—— تۈركمەن بىلەن بىرگە ئولتۇرار ئىدى. تۈركمەن ۋىلايەت بولغاندىن كېيىن، ئىسسىقكۆل، چۇ ۋە تالاش سۇلىرىنىڭ ياقىلىرىنى ۋەتەن قىلىپ كۆپ يىللار ئولتۇردى. ئۆرگەنچ پادىشاھلىرىدىن تىكىشخان قىنقلىنىڭ بىر ئوغلىنىڭ تۈركان ئاتلىق قىزىنى ئالدى. ئۇل قىزدىن سۇلتان مۇھەممەد خارەزم شاھ تۇغۇلدى. سۇلتان مۇھەممەد ئۇلۇغ پادىشاھ بولدى. يۇرتىنىڭ بىر تەرىپى ھىندىستانغا، بىر تەرىپى ئەندىجان بىلەن تۈركىستانغا، بىر تەرىپى ئەرەبىستانغا، بىر تەرىپى رۇمغا تۇتىشاتتى، پايتەختى ئۆرگەنچ ئىدى. قىنقلى خەلقىدىن كىمدە كىم بولمىسۇن تۈركان خاتۇنغا يېقىن قېرىنداش ئىدى. ئۇلار بىر-بىرلەپ سۇلتان خىزمىتىگە كېلىپ، ئىمانغا مۇشەررەپ بولۇپ سۇلتان خىزمىتىدە بولدى. تۈركان خاتۇننىڭ ھۇمار تېكىن دېگەن بىر تۇغقان ئاكىسى بار ئىدى. ئۇ سۇلتان خىزمىتىگە كېلىپ مۇسۇلمان بولدى. سۇلتان ئۇنىڭغا ئۆرگەنچنىڭ داروغەلىقىنى بەردى. تۈركان خاتۇننىڭ ئاتىسىنىڭ ئىنىسىنىڭ ئەينالچىق(ئىنالچىق) دېگەن ئوغلى بار ئىدى. ئۇ كېلىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭغا تامام تۈركىستان ۋىلايىتىنى بەردى ۋە بۇگۈندىن باشلاپ ھېچكىم سېنى ئەينالچىق دېمىسۇن، بەلكى غەيۇرخان دەپ ئاتىسۇن ، دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئاندىن كېيىن قىنقلىنىڭ كۆك ئاتلىق بىر ياخشى كىشىسى بار ئىدى. ئۇ كەلدى. ئۇنىڭغا كۆكخان دەپ ئات قويۇپ بۇخارانى بەردى.

سۇلتان مۇھەممەد خارەزم شاھقا قىنقلىدىن كېلىپ نۆكەر بولغان ئەللىك-ئاتمىش مىڭ ئادەم بار ئىدى. چۇ ۋە تالاش بويىدا تۇرۇپ قالغان قىنقلىلارنىڭ سانىمۇ ئون مىڭ ئۆيلۈكتەك بار ئىدى. چىڭگىزخان كېلىپ تالاشتا ئولتۇرغان قىنقلىنى ئالدى، بارچە يۇرتلارنى ئالدى ۋە قىرغىن قىلدى، قىنقلىلارمۇ ئاشۇ خەلق بىلەن بىللە يوق بولدى. ھازىر يۇرگەن قىنقلىلار كېيىن يىغىلىپ ئەل بولغانلاردۇر.

## قارلۇق ئېلىنىڭ زىكرى

قارلۇق (قارلىق) ئېلى موغۇلىستاندىكى بۈيۈك تاغلارنىڭ ئىچىنى يۇرت قىلىپ ئولتۇراتتى. ئېكىنچىلىك قىلاتتى، ماللىرىمۇ بار ئىدى . بىر ياخشىسىنى پادىشاھ كۆتۈرۈپ، ئۇ ئۆلسە يەنە بىرىنى پادىشاھ قىلاتتى .ئۆزلىرى كۆپ خەلق ئەمەس ئىدى . گاھى تۈزۈك بولغاندا ئىككى مىڭ ئۆيلۈك بولاتتى. شۇ يۇرتتا تۆت مىڭ يىلدەك ئولتۇرغاندىن كېيىن ، چىڭگىزخان موغۇل ئېلىگە پادىشاھ بولۇپ ، ئۆزگە ئەللەرنىمۇ بېقىندۇرۇپ ، بارلاس قۇبىلاي نويان دېگەننى ئەلچە قىلىپ ماڭا بېقىنسۇن دەپ قارلۇققا ئەۋەتتى .ئۇ ۋاقىتتا قارلۇقنىڭ پادىشاھى ئارسلانخان دېگەن ئىدى. ئۇ قۇبىلاي نويانغا قوشۇلۇپ ، ئۆزىنىڭ قىزىنى باش قىلىپ ، كۆپ سوۋغا بىلەن كېلىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتى . ئۆلگىچە بەندىلىكتىن بويىنۇمنى تولغىمايمەن ، دەپ ئانت ئىچتى . چىڭگىزخان ئۆز جامائىتىدىن بىر قىز بەردى. ئىنايەت ۋە شاپائەت قىلىپ ئۇنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇردى . قايتىدىغان چاغدا چىڭگىزخان بەگلىرىگە قاراپ: بۇنى قانداقسىغا ئارسلانخان دېگىلى بولسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئارسلان سەيراق دەپ ئاتالسۇن دەپ ھۆكۈم قىلدى. موغۇل تىلىدا تاجىكنى سەيراق دەرمىش.

## ئۇيغۇر ئېلىنىڭ زىكرى

ئۇيغۇرنىڭ مەنىسى ــــ يېپىشقۇر دېگەنلىك بولىدۇ .سۈت ئۇيىدى دېيىلىدۇ. سۈت ئېرىگەندە بىر- بىرىدىن ئايرىلىدۇ، ئۇيىغاندىن كېيىن ئايرىلمايدۇ. يەنى ئىمامغا ئۇيىدىم دېگەن سۆزنى ئالساق، ئىمام ئولتۇرسا ئولتۇرۇپ، تۇرسا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يېپىشقانلىق دېگەنلىك بولىدۇ. موغۇل يۇرتىدا ئىككى تاغ بار. ئۇزۇنلۇقى كۈن تۇغۇشتىن كۈن پېتىشقا سوزۇلغان ئىنتايىن ئۇلۇغ تاغلار، بىرىنىڭ ئېتى ــــ توقراتۇ بۇزلۇق، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ــــ ئۇسقۇنلۇق تەڭرىم. شۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا موغۇل يۇرتىنىڭ كۈن پېتىشىدا يەنە بىر تاغ بار، ئۇنى قۇتتاغ دەيدۇ. ئاشۇ ئېيتىلغان تاغلارنىڭ ئارىسىدا بىر يەردە ئېقىپ ياتقان ئون ساي، يەنە بىر يەردە توققۇز ساي بار. بارچىسى ئۇلۇغ سۇلار ئىدى. قەدىم ئۇيغۇر ئېلى شۇ سۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراتتى.

ئون ساينىڭ ياقىسىدا ئولتۇرغانلىرىنى ئون ئۇيغۇر، توققۇز ساينىڭ ياقىسىدا ئولتۇرغانلىرىنى توققۇز ئۇيغۇر دەر ئىدى. شەھەرلىرى، كەندلىرى ۋە دېھقانچىلىقى كۆپ ئىدى. يۈز يىگىرمە ئۇرۇق ئەل ئىدى. بىرەر كىشىنى پادىشاھ كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئاغزىغا باقماس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار بۇزۇلۇشقا باشلىدى. بىر كۈنى بارچىسى يىغىلىپ كېڭەشتى: « بىز ئىككى بۆلەك ئەلمىز. ھەرقايسىمىز بىر كىشىنى تۆرە سايلايلى. ھەركىم ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىسا شۇ كىشىنىڭ ماللىرىنى ئالسۇن، جېنىنى ئالسۇن. » دەپ پۈتۈشتى. ئون ئۇيغۇرلار مەڭگۈتاي ئاتلىق كىشىنى تۆرە قىلىپ كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئېل ئېلتەبەر دېگەن لەقەمنى قويدى. توققۇز ئۇيغۇرلار ئۆزكەندەر ئۇرۇقىدىن بىر كىشىنى تۆرە قىلىپ كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا كۆل ئەركىن دېگەن لەقەمنى قويدى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوغلانلىرى يۈز يىلغىچە تۆرىلىك قىلدى. ئاندىن كېيىن يەنە بىر ئۇيغۇر تۆرە بولدى. ئون ئۇيغۇرغا كىم تۆرە بولسا ئېل ئېلتەبەر، توققۇز ئۇيغۇرغا كىم تۆرە بولسا كۆل ئەركىن دەيدىغان بولدى. كۆپ يىللار تۆرىلەرنىڭ ئاتلىرىنى شۇنداق دېيىشتى.

ئۇلاردىن كېيىن كىم تۆرە بولسا ئۇنى ئەيدىقۇت ( ئىدىقۇت) دەپ ئاتىدى. « ئەيدى» نىڭ مەنىسى بارچىگە مەلۇم، تارتىلدى، سوغۇلدى دېگەنلىك بولىدۇ. مەسىلەن، « يېپنى ئەي، سۇغار » دېگەندەك. يەنى سىيىر سۈتىنى ساقلىمدى، سوغۇلدى دېگەندەك بولىدۇ. تۈرك خەلقى جاننى قۇت دەيدۇ، بىر كىشىگە ئاتىك ياكى تونىڭ قۇتلۇق بولسۇن بولسۇن دېگىنى جانلىق بولسۇن، ياراشسۇن دېگىنى، ئىگىسىنىڭ جېنى بولمىسا، ئۇ قانداق مۇبارەك بولىدۇ؟ بۇ قۇت يەنە بارچە خەلق جېنىنى بەرگەن كىشى دېگەنلىك ئىدى. ھازىرقى چاغدا ئۆزبېكلەر ئەركىلىك كىشى دەيدۇ. ئىككىسىنىڭ مەنىسى بىر.

ئۇيغۇرلار ئۈچ مىڭ يىلغا يېقىن ئەشۇ يۇرتتا ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن بۇزۇلۇپ ئولجا، ئەسىر بولۇپ تۇرۇدى. بىرنەچچىسى يۇرتىدا ئولتۇرۇپ قالدى. بىرنەچچىسى ئېرتىش سۈيىنىڭ ياقىسىغا كەلدى. يەنە ئۈچ بۆلەك بولدى. بىرنەچچىسى بېشبالىق شەھرىگە بېرىپ، ئېكىنچىلىك قىلىپ، ۋىلايىتىنى ئاۋات قىلدى. بىر بۆلۈكى يىلقى ۋە قوي ساقلاپ، بېشبالىقنىڭ ياقىسىدا كۆچۈپ-قونۇپ يۈردى. بىر بۆلۈكى ئېرتىشنىڭ تۇغانىدا ھېچقانداق مال-چارۋا ساقلىماي، بېلىق، قۇندۇز، كىش، سەۋسەر، تىن ئوۋلاپ، ئېتىنى يەپ، تېرىسىنى كىيىپ كۈن ئالدى. بۇلار تىرىك مالنى ، يىپەكتىن، پاختىدىن بولغان رەختلەرنى ئۆمرىدە كۆرمەس ئىدى. ئەگەر قىزلىرىنى ئانىلىرى قارغىسا: « يىلقىلىق، قويلۇق كىشىگە چۈشۈپ، ئەت يەپ، قىمىز ئىچىپ، بېشىڭغا يامان كۈنلەر تۇغقاي» دەيتتى. چىڭگىزخان زامانىدا باۋارچىق دېگەن

كىشى ئەيدىقۇت ئىدى. چىڭگىزخانغا كىشى ئەۋەتىپ، بېقىنىپ ھەر يىلى مال بېرەتتى. چىڭگىزخان ئاتلىنىپ ماۋرا ئۇننەھىر ئۇستىگە يۈرگەندە، باۋارچىق ئەيدىقۇت لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ يولدا چىڭگىزخانغا قوشۇلۇپ ياخشى خىزمەت قىلدى. ئۇيغۇر خەلقىدە تۈركىي تىلى بىلەن ئوقۇغان كىشىلەر كۆپ ئىدى. دەپتەردارلىقنى، دىۋان ھېسابلىرىنى ياخشى بىلەتتى. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرىنىڭ زامانىدا ماۋرا ئۇننەھىر ، خۇراسان ۋە ئىراقتا دىۋانلار ۋە دەپتەردارلارنىڭ بارچىلىرى ئۇيغۇر ئىدى. خىتاينىڭ يۇرتلىرىدا ھەم چىڭگىزخان ئوغلانلىرى دىۋان ۋە دەپتەردارلارنى ئۇيغۇر خەلقىدىن قوياتتى. چىڭگىزخاننىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان ئوغلى ئوكتاي، خۇراسان، مىزانداران ۋە گىلاننى ئۇيغۇر قۇرقۇز دېگەن كىشىگە تاپشۇرغانىدى. ئۇ ياخشى ھېسابدان ئىدى. ئۇچ يۇرتنىڭ ئىلىم-سىلىقىنىڭ ھېسابىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئۇنى يىغىپ، ھەر يىلى ئوكتاي قائانغا ئەۋەتىپ تۇراتتى.

## تېكرىن ئېلىنىڭ زىكرى

### ( ئۇنى مەكرىن دەپمۇ ئاتايدۇ)

بۇلارنىڭ ئېلىنىڭ يۇرتلىرى ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بۇيۇك تاغلارنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئەسلى موغۇلغا ۋە ئۇيغۇرغا قوشۇلمايدىغان باشقا ئەل ئىدى. چىڭگىزخان زامانىدا ملك ئۆيلۈك ئىدى. چىڭگىزخان ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ:« تەڭرىم ماڭا ئۇلۇغ دۆلەت بەردى، تۆت تەرەپتىكى ئەللەرنىڭ بارچىسى بېقىندى، سەن نېمە دەيسەن؟» دېدى. ئۇ چاغدا تېكرىننىڭ تۆرىسى چىنانج دېگەن ئىدى. بوكاي ئاتلىق ياخشى، گۈزەل قىزى بار ئىدى. ئۇنى باش قىلىپ، كۆپ سوۋغىلار بىلەن كېلىپ خاننى كۆرۈپ بېقىندى. خانمۇ ئۇلارغا كۆپ ئىنئاملار بېرىپ تارتۇقلاپ قايتۇردى. ئۇ قىزنى خان ئالدى. ھەممە بارچە خوتۇنلىرىدىن ئارتۇقراق كۆرۈپ سۆيەتتى. خان ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى ئوكتاي قائان ئالدى. ئۇمۇ بارچە خوتۇنلىرىدىن ئارتۇقراق سۆيۈپ ئۆتتى.

## قىرغىز ، كامكامچۇت ئېلىنىڭ زىكرى

ئوغۇزخاننىڭ قىرغىز ئاتلىق بىر نەۋرىسى بار ئىدى. بۇلار شۇنىڭ نەسلىدىن. ئەمما بۇ ۋاقىتتا قىرغىز نەسلىدىن كىشى ئاز

ئىدى. موغۇللار بىلەن ئۆزگە ئۇرۇقلار ئۇلارنى ئوتقا ۋە سۇغا ئىتتىرىپ، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىغا بېرىپ ماكانلىشىپ، ئۆزلىرى كېيىن قىرغىز ، دەپ ئاتالدى. ئۆزلىرىنىڭ قايسى ئۇرۇقتىن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. قىرغىز ۋە كامكامچۇت ئىككى ۋىلايەت، بىر-بىرىگە يېقىن. ئىككىسىنىڭ بىر تەرىپىدە سەلەنگە ئاتلىق، يەنە بىر تەرىپىدە ئەيقىرەمۇرەن ئاتلىق ئىككى ئۇلۇغ دەريا بار . ئابىر ( ئىبىر) ۋە سىبىر دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى ۋىلايەت بار. قىرغىز يۇرتى ئۇنىڭغا يېقىن. قىرغىزلار تۆرىسىنى ئايلان ( ئىنال) دەپ ئاتايدۇ. موغۇللار خان، تاجىكلار پادىشاھ دېگەندەك. ئۇ زاماندا تۆرىلەر ئۇرۇس ئاينال دېيىلگەندى. چىڭگىزخان قىرغىزلارغا « ماڭا بېقىنسۇن» دەپ بۇرا دېگەننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇرۇس ئاينال ئەلچىنى ياخشى تارتۇقلاپ، كۆپ ئىنئاملار بىلەن ئەل ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۆزى بارماي ، بېقىندىغانلىقىنى بىلدۈردى. سوۋغا – سالاملارنىڭ ئالدى—— بىر پۈتى، بۇرنى ۋە كۆزى قىزىل ئاق شۇڭقار ئىدى.

## ئورمانقىت ئېلىنىڭ زىكرى

بۇ ئەلنىڭ يۇرتلىرى قېلىن ئورمان ئىچىدە ئىدى. شۇڭا بۇلارغا ئورمانقىت ، دەپ ئات قويۇلغانىدى. بۇلارنىڭ يۇرتى قىرغىز ۋىلايىتىگە يېقىن ئىدى، چىڭگىزخانغا بېقىندى. بۇلاردىن باشقا يەنە بىر ئورمانقىت ئاتلىق ئەل بار ئىدى. بىراق ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە ھېچقانداق قېرىنداشلىقى يوق. بۇ ئېيتىۋاتقىنىمىز موغۇل، نۇكۇز ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئورمان ئىچىدە كۆپ ئولتۇرغانلىقتىن ئورمانقىت دەپ ئاتىلىپ كەتكەن.

## تاتار ئېلىنىڭ زىكرى

ئۇنىڭ نامى قەدىمدىمۇ، ھازىرمۇ مەشھۇر. قەدىمدە يەتمىش مىڭ ئۆيلۈك ئىدى. كۆپ ئۇرۇق ئىدى. ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنى پالانى دەر ئىدى. ھەر ئۇرۇقى ھەر يەردە باشقا-باشقا ئولتۇرار ئىدى. ئەمما ياخشىلىرى ۋە كۆپرەكى ختايغا يېقىن بۇيۇرناۋۇر دېگەن يەردە ئولتۇرار ئىدى. ختاي پادىشاھلىرىغا ئىتائەت قىلىپ ئۇنىڭغا خىزمەت قىلار ئىدى.

گاھ-گاھ ختاي بىلەن دۈشمەنلىشەتتى. ئاندا ختاي پادىشاھى لەشكەر ئەۋەتىپ ئۆلتۈرۈپ ۋە چېپىپ ئۆزلىرىگە بېقىندۇرار ئىدى. كۆپ ئەللىرى ئەيقىرەمۇرەن دېگەن سۇنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرار ئىدى.

ئەيقىرەمۇرەن قىرغىز ۋىلايىتىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا كۆپلىگەن سۇلار قوشۇلۇپ ئۇلۇغ سۇغا ئايلىنىپ ئاچى دېڭىزىغا بېرىپ قۇيۇلىدۇ. دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان يېرىدە دېڭىز ياقىسىدا بىر ئۇلۇغ شەھەر بار ئىدى. كەندلەرى كۆپ ئىدى. كۆچۈپ يۈرگەن مېلى بىلەن ئېلى كۆپ ئىدى. يىلقىلىرى يوغان ئىدى. تايلىرى بىزنىڭ غۇنان يىلقىمىزدەك بولۇر ئىدى. يىلقىلىرىنىڭ بارچىسى ئالا، ئۆزگە رەڭ بولماس ئىدى. ئۇ شەھەرنىڭ ئېتى ئالاقچىن ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا كۈمۈش كېنى بار ئىدى. ئۇ ئەلنىڭ قازنى، تاۋىقى ۋە ئايىقى بارچىسى كۈمۈشتىن ئىدى. ئۆزبېكلەرنىڭ « ئالا يىلقىلىق، ئالتۇنلۇق ئۇچاقلىق» دېگىنى شۇ ئىدى. چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن قىرغىز يۇرتى ۋە ئۇنىڭ تۆت يېنىدىكى يۇرتلارنىڭ بارچىسى تولۇيخانغا تەئەللۇق بولدى. تولۇيخان ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلانلىرىنىڭكى بولدى. تولۇيخاننىڭ چوڭ خوتۇنى بارچە ئوغۇللىرىنىڭ ئانىسى سېۋار قۇقتايبېگى ھوقۇقنى قولىغا ئالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈچ بېگىنى مىڭ كىشىگە باش قىلىپ، « ئالاقچىنغا بېرىڭلار، قولۇڭلاردىن كەلسە چېپىڭلار، كەلمىسە خەۋەر ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ ئۇلارنى ئالاقچىن شەھىرىگە ئەۋەتتى. كۆپ ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن ئەۋەتكەن مىڭ كىشىنىڭ يەتتە يۈزى ئۆلۈپ، ئۈچ يۈزى ئۈچ بېگى بىلەن قايتىپ كېلىپ:« ئاڭلىغانلىرىمىزنىڭ بارچىسى راست ئىكەن. كۈمۈشنى كۆپ ئالغان ئىدۇق، كېمىنى سۇنىڭ يۇقۇرىسىغا ماڭدۇرۇشنى بىلمىگەچكە كۈمۈشلەرنى تاشلىۋەتتۇق. ھاۋاسى يامان ئىسسىق ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن كىشلىرىمىز قىرىلىپ كەتتى» دېدى. تاتار خەلقىنىڭ چىڭگىزخانغا قانداق بېقىنغانلىقىنى چىڭگىزخاننىڭ ھاكايىتىنى سۆزلىگەندە تەڭرىم بۇيرىسا ئېيتارمىز.

## ئويرات ئېلىنىڭ زىكرى

ئېقىپ تۇرغان ئۇلۇغ سۇنى تۈركىي تىلدا ساي دەيدۇ، تاجىكلار چوڭراق سۇنى رۇدخانا، كىچىكىنى رۇد، ئەرەبلەر ۋادىي دەيدۇ. موغۇللار مۇرەن دەيدۇ. موغۇل يۇرتىنىڭ كۈن چىقىشىدا سەككىز سۇ بار، ئۇنى سەككىز مۇرەن دەيدۇ. ئويرات ئېلى شۇ سۇلارنىڭ ئارىلىرىدا ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بارچىسى كېلىپ ئەيقىرەمۇرەنگە قوشۇلاتتى. ئۇ سەككىز سۇنىڭ

ئاتلىرى مۇنۇلار ئىدى: كۆكمۇرەن، ئون مۇرەن، قارا ئۇسن، سانبىقۇن، ئاقرى مۇرەن، ئورمۇرەن، چىغان مۇرەن، جوچامۇرەن.

چىڭگىزخان زامانىدا ئويراتنىڭ پادىشاھى قۇتۇقا بېگ ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنىڭ ئېتى ئىنالچى، كىچىكىنىڭ ئېتى تۇرالچى. ئۇلار چىڭگىزخان بىلەن دۈشمەنلەشكەن ئىدى. كېيىن ئەل بولدى. قىز بەردى ۋە قىز ئالدى. خانغا بېقىندى. تۇرغاۋۇت، قورى، تولاس بۇ ئۈچ ئۇرۇقنىڭ ئەسلى ئويراتتۇر. ھەرقايسىسى ئويراتنىڭ بىر ئۇرۇقى. تۇرغاۋۇتنىڭ مەنىسى —— نېرىقى ياق دېگەنلىكتۇر. موغۇل يۇرتىنىڭ نېرىقى چېتىنى سەلىنگا دەيدۇ. بۇ ئەللەر سەلىنگانىڭ ئۇ يۈزىدە ئولتۇراتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرغاۋۇت دەپ ئاتالغان.

## تۇمەت ئېلىنىڭ زىكرى

تۇمەت ئويراتنىڭ يەنە بىر ئۇرۇقى. بۇرقۇچىن توكۇم دېگەن قىرغىز ۋىلايىتىگە يېقىن يەردە ئولتۇرار ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ زامانىدىكى بېگىنىڭ ئېتى تاتۇلا سۇقار دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ چىڭگىزخانغا ئۆزى كېلىپ بېقىندى. بولغاچىن بىلەن كارمۇچىندىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئۇرۇق قېرىنداشتۇر. بۇلارنىڭ يۇرتلىرى قىرغىز يۇرتلىرىغا يېقىن ئىدى. ئۇلار چىڭگىزخانغا ئەل بولدى. تولانگۇت، ئوراسۇت ۋە كۇستەمەي بۇ ئۈچ ئۇرۇق ئەل بىر-بىرىگە قېرىنداش كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تېۋىپ كۆپ بولىدۇ. قورال-ياراغ ياسىشنى ياخشى بىلىدۇ، دورىلارنى تونۇيدۇ. يۇرتلىرى قىلىن ئورمان ئىچىدە، بارچىلىرى ئوۋچىلىق قىلىدۇ. كىش، سۆسەر، ئاق تىيىن، قۇندۇز ۋە سۇدا بېلىق، قىردا كىيىك ئوۋلايدۇ.

## نايمان ئېلىنىڭ زىكرى

بۇ قەدىمى ئەلدۇر. ماللىرى ۋە نوپۇسى كۆپ، بۇرۇنقىلىرىنى بىلمەيمىز. بىز قارىقىش ئاتلىق پادىشاھى بولغان دەپ ئىشتىكەنىدۇق . ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئىنىسى ئايىنات دېگەننى پادىشاھ قىلدى. چىڭگىزخان زامانىسىدىكى پادىشاھلىرىنىڭ ئېتى تايانخان ئىدى. ئۇنىڭ كۈچلۈك ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. يۇرتلىرى موغۇل يۇرتىدىكى قاراقۇرىم دېگەن يەردە ئىدى، ئېكىنچىلىكى يوق ئىدى.

## كېرەيت ئېلىنىڭ زىكرى

كېرەيتنىڭ مەنىسى قارا بوران دېگەنلىكتۇر. بىر كىشىنىڭ يەتتە ئوغلى بار ئىدى، يەتتىلىسى قارا ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى كېرەيت دەپ، ئۇلاردىن تۇغۇلغانلارنى كېرەيتلەر دەپ ئاتاشتى. بۇ ئەل قەدىمى ئەلدۇر. نوپۇسى ۋە ماللىرى كۆپ ئىدى. پادىشاھى باشقا ئىدى. ئۇ زاماندا كېرەيتلەردىن بۆلەك كۈچلۈك ئەل يوق ئىدى. يۇرتلىرى نايمانغا يېقىن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ھەمىشە نايمان بىلەن گاھ ئۇرۇشاتتى، گاھ يارىشاتتى. كېرەيتنىڭ بىر ئۇلۇغ پادىشاھى بار ئىدى. ئېتى مەرغۇز ئىدى. ئۇنىڭ قۇرچەقۇر ئاتلىق، بۇيرۇق لەقەملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى كۆپ ئىدى. بىر ئوغلىنىڭ ئېتى توغرۇل ئىدى. خىتاي پادىشاھلىرى ئوڭ (ۋاڭ) دەپ لەقەم قويدى. ئۇنىڭ مەنىسى ۋىلايەت پادىشاھى دېگەنلىك. چىڭگىزخان بىلەن ئۇرۇشقان كېرەيت ئونغان ( ۋاڭ خان) شۇ ئىدى.

## ئۇنغۇت ئېلىنىڭ زىكرى

خىتاي خەلقى ئۆز يۇرتىنىڭ تېشىدىن بويلاپ بېشى دېڭىزغا يەتكۈچە بىر ئىگىز تام سوقتۇردى. ئۇنى كىشى يىقتىپ بۇزۇۋېتەلمەيتتى. كارۋانلارنىڭ كىرىپ-چىقىشى ئۈچۈن دەرۋازا يېنىغا ئادەم قويۇپ، ئۇنىڭغا تۆمۈردىن قۇلۇپ سالدى. بۇنداق سېپىلنى ئەرەبلەر سەد دەيدۇ. تۈركىي تىلدا بۇرقۇرا دەيدۇ. خىتاي خەلقى ئۇنگۇ دەيدۇ. ئىسكەندەر يەجۈج ۋە مەجۈجنىڭ ئالدىغا سەد سالدى. ئانۇشرۋان شاماخىدا شۇنداق قورغان تۇرغۇزدى. ئۇنى بۇ ۋاقىتتا تۆمۈر قاپى يەنى سېپىلنىڭ تۆمۈر ئىشىكى دەيتتى. خىتاي پادىشاھلىرى تۈرك خەلقىدىن بىرنەچچە جامائەتكە : سىزلەر قورغاننىڭ دەرۋازىلىرىنى ساقلىسىڭىزلەر، بىز سىلەرگە يىل بويى كېرەكلىك نەرسىڭىزلەرنى بېرىپ يەتكۈزۈپ تۇرساق ، دەپ ئىلتىماس قىلدى. تۈركلەر بۇنى قوبۇل قىلىپ دەرۋازىنى ساقلىدى. بۇ ئىشنى ئوغۇللارمۇ، قىزلارمۇ قىلدى. بۇ كۈزەتچىلەرنى ئۇنغۇت دەپ ئاتىدى. موغۇل تىلىدىكى ئۇنگۇت دېگەندىكى «ت» سۆزى بىرنەرسىگە نىسبەتەن مەنىسىنى بېرىدۇ. يەنى ئۇرگانچى، تاباقچى، ئىشكچى دېگەندىكىدەك، سېپىلنى ئونگۇ، دەرۋازىنى ساقلىغان كىشىلەرنى ئۇنغۇت دېدى.

بۇ دەرۋازىۋەن دېگەنلىك بولىدۇ. چىڭگىزخان زامانىدا ئۇنغۇتلار تۆت مىڭ ئۆيلۈك ئىدى. بەگلىرىنىڭ ئېتى ئالاقۇشتېگىن ئىدى. چىڭگىزخان خىتاي ئۈستىگە يۈرۈش قىلىدىغان چاغدا ئالاقۇشتېگىنگە ماڭا يېقىنسۇن دەپ كىشى ئەۋەتتى. ئۇ خانغا قارشى تۇرماي يېقىندى. چىڭگىزخان خىتايغا قاراپ ئاتلانغاندا ئالاقۇشتېگىن ئەسكىرى بىلەن ئۇنىڭغا قوشۇلدى. سېپىلنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ چىڭگىزخان بىلەن بىرگە خىتاي ئۈستىگە باردى.

## خىتاي ئېلىنىڭ زىكرى

خىتاينىڭ يۇرتى ئىككى. بىرىنى قارا خىتاي دەيدۇ. قارا خىتاينىڭ كۆپ بىر جامائىتى بىر سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز پادىشاھى بىلەن دۈشمەنلىشىپ، قېچىپ قىرغىز ۋىلايىتىگە كەلدى. ئۇ يەرلەردە ئولتۇرغان ئەللەر بۇلارنى مۇساپىر كۆرۈپ ماللىرىنى ئوغرىلاشقا باشلىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ يەردە ئولتۇرالماي ئىمەل دېگەن يەرگە كۆچۈپ كېلىپ شەھەر سالدى. ئېكىنچىلىك قىلىپ بېيىپ كەتتى. بۇ شەھەرگە ھەر يەردىن مىلىدىن ئايرىلغان، ھالىدىن كەتكەن، ئاچ قالغانلار يىغىلدى. قىرىق مىڭ ئۆيلۈك ئەل بولدى. شۇ ۋاقىتتا چۇرچىت دېگەن بىر كاتتا يۇرت بار ئىدى. ئۇنىڭ پادىشاھى قارا خىتاينىڭ پادىشاھى بىلەن ئۇرۇشۇپ يەنە غەلىبە قىلدى. يۇرتىنى ئېلىپ، پادىشاھىنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ تويىستايغار ئاتلىق بىر ئۇلۇغ بېگى بار ئىدى. ئۇ كۆپ ئەسكىرى ۋە ئېلى بىلەن قېچىپ، قىرغىز ۋىلايىتىگە كەلدى. ھىجرىيىنىڭ بەش يۈز ئون ئۈچىنچى يىلى ئاندىن ئىمەل شەھرىدە ئولتۇرغان قارا خىتايلارغا كەلدى. ئاقىل ۋە دانىشمەن كىشى ئىدى. بىر-ئىككى يىل شۇ يەردە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاتىقى، داڭقى تۆت تەرەپكە تارقالدى. ئۇ ۋاقىتتا بالاساغۇن دېگەن شەھەردە بىر خان بار ئىدى. ئۇ ئەفراسىيابنىڭ نەسلىدىن ئىدى. ئېتى ئىلىك، ئۆزى فەقىر كىشى ئىدى. ئۇ شەھەرنى موغۇللار غۇبالىق دەپ ئاتايدۇ. «غۇ» نىڭ مەنىسى —— ياخشى ،« بالىق»نىڭ مەنىسى —— شەھەر دېگەنلىك .يەنى ياخشى شەھەر دېگەنلىكتۇر. ئۇ قەلئەنىڭ ئەتراپىدا تۈرك خەلقى كۆپ ئىدى. خۇسۇسەن قىنىقلى ئېلى ۋىلايەتنى چېپىپ، تالاپ تالان-تاراج قىلاتتى. ھوسۇللىرىنى بۇلاپ كېتەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئىلىكخان خىتايدىن كەلگەن بەگكە : كەلسۇن، ۋىلايەت ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولسۇن ، دەپ كىشى ئەۋەتتى. ئۇ كەلدى، ۋىلايەتكە ئىگە بولدى. ئىلىكنى ئۆزىگە نۆكەر قىلدى، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم بۇنى ئىلىكخان دېمەي ئىلىك

تۈركمەن دېسۇن ، دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئاندىن ئۆزىنى گۇرخان ، دەپ ئاتىدى. گۇرنىڭ مەنىسى خىتاي تىلىدا ئۇلۇغ پادىشاھ دېگەنلىك ئىدى. ئاندىن كېيىن بېرىپ ئەندىجاننى ئالدى. ئاندىن كېيىن تۈركىستان ۋە تاشكەندنى ئالدى. يەنە ئاتلىنىپ سەمەرقەندنى چاپتى ۋە قەلئەنى قامىدى. قەلئەدىكىلەرنىڭ سۇلھى قىلىپ ھەر يىلى پالانچى نەرسە بېرىپ تۇرىمىز دېگەن ۋەدىسىنى ئېلىپ، قايتىپ ئۆيىگە كەلدى. ئارپاز ئاتلىق بىر ئۇلۇغ بېگى بار ئىدى. ئۇنى باش قىلىپ ئۆرگەنچكە ئەۋەتتى. ئۇ ئۆرگەنچنى چاپتى، ئولجا ۋە ئەسىر قىلدى. قەلئەسىنى قاماپ ئولتۇردى. ئۆرگەنچنىڭ پادىشاھى خارەزىمشاھلارنىڭ ئەۋلادىدىن ئاتسىز دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ ئامالسىز ھەر يىلى يىگىرمە مىڭ ئەشرەفى تۆلەم تۆلەشكە كېلىشتى. ئارپاز بۇنىڭغا رازى بولۇپ قايتتى. ئاتسىز ئەشرەفنى ئۆلگەنگە قەدەر بېرىپ تۇردى. ئاتسىز ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى تېكىش پادىشاھ بولدى. ئۇمۇ ئۆلگىچە ئەشرەف تۆلىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى سۇلتان مۇھەممەد پادىشاھ بولدى، ئۇ بەرمىدى، دۈشمەنلەشتى. سۇلتان سەنجەر موزىي رومدىن بېرىقى ۋىلايەتلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ تۈركىستانغا بېرىپ، قارا خىتاي گۇرخان بىلەن ئۇرۇشتى، يېڭىلدى. تامام لەشكەرلىرى قىرىلىپ، ئۆزى قېچىپ مەرۋگە كەلدى.

## تۇرقاق ئېلىنىڭ زىكرى

سۆڭكى قايسى تۈرك نەسلىدىن ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. تۇرقاقنىڭ مەنىسى ساقچى دېگەنلىكتۇر. پادىشاھلار ئۆزلىرىنى ساقلىماقلىق ئۈچۈن بىرنەچچە كىشىنى تەيىنلەيتتى، ئۇلار ئىشىككە كېلىپ ياتقاندا ، نۆۋەت بىلەن ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، نۆۋەت بىلەن ئۇخلايتتى. دۈشمەن كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تەبىل چالاتتى ۋە قولىدىكى ئىككى ياغىچنى قاقاتتى. ئۇخلىماي ئولتۇرغىنى ئۇخلاپ ياتقانغا :ئەمدى مېنىڭ نۆۋىتىم كەلدى، سەن تۇرغاق دەپ ئويغۇتار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن پادىشاھنى ساقلايدىغان كىشىلەرنى تۇرقاقلار دەر ئىدى.

## موغۇل ئەللىرىنىڭ زىكرى

ئېلخاننىڭ ئوغلى قىيان، ئىنىسىنىڭ ئوغلى نۇكۇز ئىككىسى ئەركەنەقۇن تېغىنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن باللىرى

كۆپ بولدى. قىيانىڭ ئوغلانلىرىنى قىيات، نۇكۇزنىڭ ئوغلانلىرىنى دارلاگىن، دەپ ئاتىدى. بارا-بارا ھەر جامائەت بىر ئەلنىڭ ئىتنى ئېلىپ قىيات، دارلاگىن دېگەن ئىسىملار يوقالدى. قىيان نەسلىدىن قۇرلاس ئۇرۇقىدىن ئەلەنقۇۋا دېگەن ئايال ئەرسىز ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. تەڭرىم بۇيرۇسا بۇ سۆزلەرنى كېيىن ئېيتارمىز. بۇ يەردە ئېيتىشنى يەنە مۇناسىپ كۆردۇق. ئۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ نەسلى ئاجايىپ كۆپ بولدى. ئۇلارنى نىيرۇن دېدى. مەنىسى ـــــ پاك نەسىل. تۈركىيچە ئېيتقاندا ئەرۇ تۇخۇم دېگەن بولىدۇ. بۇ ئىسمنى قويۇشتىكى سەۋەب ـــــ موغۇللار بۇ ئۈچ ئوغۇلنى نۇردىن تۆرەلگەن دەپ ئويلايتتى. چىڭگىزخاننىڭ ئۈچىنچى ئاتىسى قوبۇلخاننىڭ ئالتە ئوغلى بولغانىدى. بارچىسى پەرزەنتلىك، باھادىر، ئۇچقۇر ئىدى. خەلق بۇ يىگىتلەرنى قىياتلار دېدى. تاغدىن ئاققان سەلنى موغۇللار قىيان دەيدۇ. قىيات ئۇنىڭ كۆپلۈكى. قوبۇلخاننىڭ چوڭ ئوغلى بەرتەنخان، ئۇنىڭ ئوغلى چىڭگىزخاننىڭ دادىسى يېسۇگاي باھادىر ئىدى. يېسۇگاي باھادىرنىڭ كۆزى شەھلا ئىدى. موغۇللار شەھلانى بۇرچىغىن دەر ئىدى. شۇ سەۋەبتىن يېسۇگاي باھادىرنىڭ نەسلى ئۆزلىرىنى بۇرچىغىن قىياتمىز دەپ ئاتاشتى. قىيات ئېلى قوبۇلخاننىڭ ئۇرۇقلىرىدىن كېيىنمۇ كۆپ ۋاقىت شۇنداق ئاتالدى. بارچە تۈركلەرنىڭ ئۇرۇقنى بىرىنى قويماي ئېيتماق ۋە بىلمەك بىر كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەس. ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا لايىق بىلگەنلىرىمىزنى ، ئۆزگى تۈركلەرنىڭ ئۇرۇقنى ئېيتتۇق. ئەمدى موغۇل نەسلىدىن بولغان ئۇرۇقلارنى ئېيتايلى.

## مەركىت ئېلىنىڭ زىكرى

مەركىتنى ھەم مەكرىت دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ ئىككىسى بىر سۆز. چىڭگىزخان زامانىدا ئەلگە باش بولۇپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئېتى توقتا بېگ ئىدى. بۇ ئەل ھەمىشە چىڭگىزخان بىلەن دۈشمەنلىشەتتى. بىر رەت چىڭگىزخاننىڭ ئۆيىنى چېپىپ خوتۇننى ئولجا قىلىپ ئەكەتتى. يەنە بىر رەت چىڭگىزخاننىڭ ئۆزى سەھرادا يالغۇز يۈرگىنىدە تۇتىۋېلىپ خۇننى تۆلىتىپ قويۇپ بەردى.

## قونقىرات ئېلىنىڭ زىكرى

قىيان نەسلىدىن بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى چورلىق مەرگەن ئىدى. ئىككىنچىسىنىڭ قۇبايىشىرا، ئۈچىنچىسىنىڭ تۇسبۇداي ئىدى. چورلىق بىر كۈنى ئىنىسى قۇبايىشىرا بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى. ئىككىسى ھەم ئات ئۈستىدە ئىدى. چورلىق ئوقيانى ئېلىپ كىرىچنى تارتتۇىدى، قۇبايىشىرا ئېگىشىپ بېشىنى ئاتنىڭ بوينىغا پاناھ قىلدى. بىر زامان تۇرغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى. چورلىق ئىنىسىنى ئاياپ، قورقۇتۇپ قوياي، زەرەر يەتكۈزمەي، دەپ ئويلاپ ئىنىسىنىڭ قۇلىقىغا سىلىۋالغان چوڭ ھالقىسىنى چەنلەپ ئاتتى. ئوق ھالقىنىڭ ئىچىدىن ئۆتۈپ كەتتى. چورلىق مەرگەننىڭ قونقىرات ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. بارچە قونقىرات ئېلى ئۇنىڭ نەسلىدىن ئىدى.

## ئىنكىراس ئېلى ۋە ئەلقەنۇت ئېلىنىڭ زىكرى

قۇبايىشىرانىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنىڭ ئېتى ئىنكىراس، كىچىكىنىڭ ئېتى ئەلقەنۇت ئىدى. ئىككى ئۇرۇق بۇ ئىككىسىنىڭ نەسلىدىن. چىڭگىزخاننىڭ ئانىسىنىڭ ئېتى ئۆلۈن ئىدى. ئۇنى ئۆلۈن ئەكا دەپ ئاتايتتى، بەزىدە ئۆلۈن قۇچىن دەيمۇ ئاتايتتى. ئەلقەنۇت ئۇرۇقىدىن ئىدى.

## قارەنۇت ئېلىنىڭ زىكرى

تۇسبۇدايىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنىڭ ئېتى قارەنۇت ئىدى. بارچە قارەنۇت ئېلى ئۇنىڭ نەسلىدىن ئىدى.

## قۇرلاس، ئەلچىكىن ئەللىرىنىڭ زىكرى

تۇسبۇدايىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى قونقىلۇت. ئۇنىڭ مىيسار( مەيسەر) ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار

ئىدى. چوڭىنىڭ ئېتى قۇرلاس ئىدى. بارچە قۇرلاس ئۇرۇقى ئۇنىڭ نەسلىدىن . كىچىكىنىڭ ئېتى ئەلچىكىن ئىدى. بارچە ئەلچىكىن ئۇرۇقى ئۇنىڭ نەسلىدىن ئىدى.

## ئورمەۋۇت ئېلىنىڭ زىكرى

بۇ ۋاقىتتا ئۇنى ئويمەۋۇت دەپمۇ ئاتايتتى. ھەممە ئورمەۋۇت ئۇرۇقى شۇ كىشىنىڭ نەسلىدىن.

## قونقىقمار ئېلىنىڭ زىكرى

ئورمەۋۇت ئۇرۇقىدىن بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنىڭ ئېتى مەلۇم ئەمەس، ئەمما يىگىت بولغاندىن كېيىن خەلق ئۇنىڭغا قونقىقمار دەپ ئات قويدى. قونقىنىڭ مەنىسى ـــــ ئۇلۇغ دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا چوڭ قارغىنى قونىق قارغا دەپ ئاتايتتى. قمارنىڭ مەنىسى ـــــ بۇرۇن دېگەنلەك بولىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ بۇرنى ناھايىتى چوڭ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا قونقىقمار دەپ لەقەم قويغان ئىدى. بارچە قونقىقمار ئۇرۇقى ئۇنىڭ نەسلىدىن ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ قمار ئوغلىمىز دېيىشەتتى. مېگلىك ئەجەكە قونقىقمار ئۇرۇقىدىن ئىدى. مېگلىك ئانىسى قويغان ئىسىم، موغۇللار ئاتىنى ئەجەكە دەيدۇ. تۈرك خەلقى ئەزىز كىشلەرنى ئاتا دەيدۇ. مەسلەن: ھەكىم ئاتا، سەيىد ئاتا.

مېگلىك موغۇلنىڭ ئەزىز كىشىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئەجەكە ، دەپ ئاتاشتى. چىڭگىزخاننىڭ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئانىسى مېگلىك ئەجەكەگە باردى. كېرەيت پادىشاھى ئونغان مېگلىك ئەجەكەگە كىشى ئەۋەتىپ:« مەن ئېشىدىن ، سەن ئىچىدىن ئىككىمىز بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىپ، چىڭگىزخاننى يوق قىلايلى، قالغان ئېلى بىلەن ماللىرىنىڭ يېرىمى سىنىڭ، يېرىمى مېنىڭ بولسۇن» دەپ مەسلىھەت قىلدى. ئونغان چىڭگىزخاننىڭ ئاتىسى ھەم ئۆزى بىلەن دوست ئىدى. چىڭگىزخان ئۇنىڭ دۈشمەنلىكىنى ھېچ بىلمەيتتى. چىڭگىزخانغا كىشى ئەۋەتىپ: «چوڭ ئوغلى جۇچىغا قىزىمنى بېرىمەن، ئۆزى بىزنىڭ ئۆيگە كەلسۇن، ئىككىمىزنىڭ مەقسەت، مۇرادىمىز ئوخشاش، توي قىلايلى، تويدا بىرنەچچە كۈن ئەيش ـ ئىشرەت قىلايلى» دېدى.

چىڭگىزخان بۇ سۆزگە ئىشىنىپ ئونغاننىڭ ئۆيىگە ماڭدى. يولدا مىگلىك ئەجەكە ئۇچرىدى. چىڭگىزخان ئونغاندىن ئىشتىكەنلىرىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مىگلىك ئەجەكە خاننى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. مىگلىك ئەجەكە چىڭگىزخاننىڭ خىزمىتىدىن ھېچ ئايرىلماس ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسىنى ئالغاندا چىڭگىز ئۈچ يېشدا ئىدى. شۇ ۋاقىتتىن ئۆزى ئۆلگەنگە قەدەر ، ئۇرۇشلاردا، ياخشى كۈنلەردە بولسۇن، يامان كۈنلەردە بولسۇن، ئۇنىڭ قېشىدىن پەقەت ئايرىلمىغانىدى. خاننىڭ ئۇلۇغ تەرىپىدە ھەممىدىن يۇقۇرى ئولتۇراتتى. مىگلىك ئەجەكەنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنىدىن ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنىڭ ئېتى كوكچا، خەلق ئۇنى تەڭرىنىڭ يۈزى دەيتتى. چىڭگىزخاننىڭ تەختتە ئولتۇرغان قىسمىنى سۆزلىگەندە كوكچانىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىمىز.

## ئارلات ئېلىنىڭ زىكرى

مىگلىك ئەجەكەنىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى ئارلات ئىدى. ئۇنىڭ مەنىسى ئاتىسىنىڭ ئامراق ئوغلى دېگەنلىك بولىدۇ. ئارلات بىر كىشىنىڭ ئىسمى، ئۇنى ئاتىسى بەك سۆيەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئارلات ، دەپ ئاتىدى. بارچە ئارلات ئېلى ئۇنىڭ نەسلىدىن ئىدى.

## كىلگىت ئېلىنىڭ زىكرى

مىگلىك ئەجەكەنىڭ ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى كىلگىت ئىدى. بىر ئادەمنىڭ تىلىدا كەملىكى بولسا تۈرك خەلقى بولتاك، موغۇللار كىلگى دەيدۇ. بۇ كىشىنىڭ تىلىنىڭ كەملىكى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىلگىت، دەپ ئاتاشتى. بارچە كىلگىت ئېلى شۇ كىشىنىڭ نەسلىدىن ئىدى. يۇقۇرىدا ئېيتقان ئىدۇق، موغۇل تىلىدا [ ت] قوشۇلغاندا بىر نەرسىگە نىسبەتەن مەنىسىنى بېرىدۇ. يەنى ئاتلى، تونلى. شۇڭا بۇ كىلگىت ـــ تىلىنىڭ كەملىكى بار دېگىنىدۇر.

## باداي ۋە قىشلىق ئېلىنىڭ زىكرى

كىلگەت ئۇرۇقىدىن بىر كىشىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنىڭ ئېتى باداي، كىچىكىنىڭ ئېتى قىشلىق ئىدى. بۇ ئىككىسى كېرەيت ئونغاننىڭ بىر بېگىنىڭ يىلقىسىنى باقاتتى. بىر كۈنى يىلقىنىڭ ساغقان سۈتىنى ئەكىلىۋېتىپ ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە، ئۆي ئىچىدە بەگ سۆزلەۋاتقان ئىكەن. نېمە دېيىشىۋاتقاندۇ، دەپ قۇلاق سېلىپ تۇرغاندا، بەگ خوتۇنىغا: « ئەتە ئونغان ئاتلىنىپ، چىڭگىزخاننىڭ ئۆيىنى باستۇرىدۇ. مېنىڭ ساۋۇت، قۇياقىمنى چىقىرىپ قوي» دېدى.

ئونغان ئاتا، چىڭگىزخان ئوغۇل بولۇپ پاراغەتتە ياشايتتى. باداي ئىچكىرى كىرىپ سۈتنى بەردى. يىلقىغا كېلىپ ئىنىسىغا ئېيتتى. بۇلار موغۇل ئىدى، چىڭگىزخانمۇ موغۇل ئىدى. ئۆز پادىشاھىنىڭ ئۆلۈشىگە يول قويسا بولمايتتى. كىرەيت خەلقى يات ئەل ئىدى. شۇڭلاشقا بۇلار چىڭگىزخانغا كېلىپ ئېيتتى. بۇنىڭ تارىخى ئۇزۇن ھېكايە، بۇلار سەۋەبلىك چىڭگىزخان يەنە بىر ئۆلۈمدىن ئامان قالدى. بۇ ئىككىسىنى تارخان قىلدى. تارخاننىڭ مەنىسى مۇنداق: تارخان بولغان كىشىدىن ھېچقانداق سېلىق ئالمايدۇ، ھەرقاچان خان ئىشىكىگە كەلسە، ھېچ كىشى مەنئى قىلمايدۇ، ئۆزى كىرىپ چىقىۋېرىدۇ. ئەگەر گۇناھ ئىش بولسا توققۇزغىچە سورالمايدۇ. توققۇز نۆۋەتتىن ئاشقاندىن كېيىن سورىلىدۇ. بۇ ئارتۇقچىلىق تا ئۇنىڭ توققۇزىنچى ئەۋلادىغىچە شۇنداق بولىدۇ.

## ئۇيشۇن( ئۇيسۇن) ئېلىنىڭ زىكرى

بۇلارنىڭمۇ سۆڭىكى موغۇلدۇر.

## سۇلدۇس ئېلىنىڭ زىكرى

بۇلارنىڭ سۆڭىكى ھەم موغۇلدۇر.

## ئىلدۇركىن ئېلىنىڭ زىكرى

بۇلار سۇلدۇس ئېلىدىن ئايرىلىپ چىققان ئەل.

## كانكىت ئېلىنىڭ زىكرى

بۇلار ھەم موغۇلنىڭ بىر ئۇرۇقى ھېسابلىنىدۇ.

## دورمان ئېلىنىڭ زىكرى

موغۇلنىڭ بىچىنقىيان ئاتلىق پادىشاھىنىڭ بەش ئوغلى بار ئىدى. كىچىكى بارچىسىدىن ياخشى ئىدى. ئاتىسى ئۆلىدىغان چاغدا: « كىچىك ئوغلۇمنى تۆرە قىلىڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلدى. خەلقمۇ كىچىك ئوغلىنى تۆرىلىككە لايىق كۆرۈپ خان قىلىپ كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئېتى مېرگەن ئىدى. تۆت ئاكىسى خەلققە كۆپ قېتىم :« بىز تۆتىمىزنىڭ قايسىمىزنى تۆرە قىلساڭلار رازىمىز، ئەمما كىچىككە رازى ئەمەسمىز» دەپ ئېيتتى. خەلق بۇ تۆتىسىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلدىن ئۆپكىلەپ، يۇرتىدىن ئايرىلىپ يات ئەلنىڭ ئىچىگە بېرىپ ئولتۇردى. موغۇل تۆت دېگەننى دورمان دەيدۇ. يات ئەل بۇ يىگىتلەرگە دورمانلار، دەپ ئات قويدى. تۆتىسى ئۆلدى، ئوغۇللىرى قايتىپ قېرىنداشلىرى ئىچىگە كەلدى.

## بارىن ۋە سۇقۇت ئېلىنىڭ زىكرى

بىر دورماننىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنىڭ بارىن، بارچە بارىن ئېلى ئۇنىڭ نەسلىدىن. كىچىك ئىنىسى ئۆيلەندى.

ئايالى ئوغلان تۇغمىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن دىدەك بىلەن مۇناسىۋەت قىلدى. دىدەك ھامىلدار بولدى. خوتۇن دىدەكنىڭ بالىسى چۈشۈپ كەتسۇن دەپ ھەر كۈنى ئۇنى ئۇراتتى. بالا چۈشۈپ كەتمىدى. بىر كۈنى تۇن يېرىمىدا تولغاق تۇتۇپ ئوغۇل تۇغدى. دادىسىنىڭ چاپىنىنىڭ ئېتىكىنى كېسىپ ئېلىپ بالىنى ئوراپ، ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى يۇلغۇننىڭ ئىچىگە ئاپىرىپ تاشلىۋەتتى. دادىسى سەھەردە تەرەت سۇندۇرغىلى چىققاندا بالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېرىپ قارىسا، ئۆز چاپىنىنىڭ ئېتىكىگە ئوراغلىق بوۋاقنى كۆردى. ئۆز بالىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، كۆتۈرۈپ ئانىسىغا ئېلىپ باردى. ئانىسى باقتى. سۇقۇت دەپ ئات قويدى.

موغۇل يۇلغۇننى سۇقاي دەيدۇ. سۇقۇت ــــ يۇلغۇنلۇق دېگەنلىكتۇر. قورلاۋۇت ئۇرۇقى ۋە بۇرقۇت ئۇرۇقىنىڭ ئىككىسى موغۇلدۇر. موغۇل ئىچىدە قېرىنداشلىقى قونقىراتقا يېقىن. قەدىم يۇرتلىرى قونقىرات بىلەن بىردۇر.

## ئوكلان ئېلىنىڭ زىكرى

بۇ ئەلنىڭ ئەسلى موغۇل. ئەمما موغۇلنىڭ قايسى ئۇرۇقىغا يېقىن ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس.

جويرات ئېلى، جاجىراتمۇ دەيدۇ. بۇ ئەلنىڭمۇ سۆڭىكى موغۇل. بۇلار موغۇل ئىچىدىكى ئەلەنقۇۋا نەسلىدىن.

## باياۋۇت ئېلىنىڭ زىكرى

بۇ ئەل كۆپ ئۇرۇقلۇق ئەلدۇر. ئەمما ياخشىسى ۋە كۆپرەكى ئىككى ئۇرۇق. بىرىنى جادايىن باياۋۇت ، يەنە بىرىنى مەركىن باياۋۇت دەيدۇ. جادايىن ۋە مەركىن دېگەن ئېقىپ تۇرىدىغان ئىككى ئۇلۇغ سۇ ئىدى. ئۇلار بۇ ئىككى چوڭ سۇنىڭ ياقىسىدا ئولتۇراچقا ئۇلارنى شۇنداق دەپ ئاتىغان. يۇرتلىرى ئويرات يۇرتىغا يېقىن. باياۋۇت ئېلى موغۇلنىڭ دارلاكىن ئۇرۇقىدىن ئايرىلىپ چىققان.

## جالايىر ئېلىنىڭ زىكرى

قەدىم ئەلدۇر. بىنھايات كۆپ ئىدى. ئېيتىلىشچە بىر رەت ختاي پادىشاھى بىلەن دۈشمەنلەشكەندە، ھەر يەردە ئولتۇرغان ياخشى-يامان جالايىرلارنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلدى. ئۆيلىرى بىلەن يەتمىش كۇران ئەل بولدى. ئۇرۇقلىرى كۆپ ئىدى. بىرنەچچە ئۇرۇقلىرى بىر كىشىنى تۆرە سايلاپ بىر يۇرتتا ئولتۇراتتى. كۆپچىلىكى موغۇل يۇرتىدىكى ئوتان دېگەن يەردە ئولتۇراتتى. بىر رەت ختايدىن لەشكەر كېلىپ جالايىر خەلقىنىڭ بىر يەردە ئولتۇرغان نۇرغۇن جامائەتنى قىرىپ، ئولجا ئەسىر قىلىپ قايتىپ كەتتى. چېپىلغان ئەلنىڭ ئاچ، ئاجىزلىرى يېيىشكە ئوزۇق بولمىغاچقا سەھرايى پىيازنىڭ تۈبىنى قېزىپ يەر ئىدى.

چىڭگىزخاننىڭ يەتتىنچى ئاتىسى دۇتۇمنانخان ئۆلۈپ خاننىڭ توققۇز ئوغلى قالدى. بارچە ئوغلانلىرىنىڭ ئانىسىنىڭ ئېتى مۇتۇلۇن ئىدى. چوڭ ئوغلى قايدۇخانغا قىز ئېلىپ بەرمەكچى بولدى. قايدۇخان بولغۇسى خوتۇنى بىلەن كۆرۈشكىلى كەتتى. ئۆيىنىڭ قېشىدا بىر ياخشى تۈز يەر بار ئىدى. دۇتۇمنانخاننىڭ ئوغلانلىرى بۇ يەردە ئات چاپتۇرۇپ ئوينايتتى. ئۇ يەرنىڭ پىيىزى كۆپ ئىدى. ئاچ قالغانلار ئۇ يەردىن ياۋا پىيازنى كۆپ قازغانلىقتىن ئات يۈرەلمەس بولدى. بۇنى كۆرۈپ ئوغلانلار ئانىسىغا ئېيتتى. ئانىسى ئاچچىقلىنىپ، ئاتلىنىپ كۆرگۈدەك بولسا، يەنە نەچچىلىرى قېزىپ ئولتۇرغان ئىكەن. قۇللىرىغا« ئۇرۇڭلار» دەپ بۇيرىدى، ئۇردى. جالايىرلار يىغىلىپ بېرىپ شۇ يەردە چوڭ ئۇرۇش قوزغىدى. جالايىرلاردىن بىرنەچچە كىشى ئۆلدى.

مۇتۇلۇن باشلىق بىرنەچچە كىشىمۇ شۇنىڭدا ئۆلدى. شۇ زامان قىرغىن قىلىنغان جالايىرلار يىغىلىپ، مۇتۇلۇننىڭ يەتتە ئوغلى باشلىق قولىغا چۈشكەن كىشىلەرنىڭ بارىنى قىرغىن قىلدى. ئاچتىن ئۆلەي دېگەنلەر بۇ باناادا بىر تويۇندى. بۇنى ئاڭلاپ، قايدۇخان قېيناتىسىنىڭ ئۆيىدىن كەلدى. قېرىنداشلىرى، ئۇرۇقلىرى ۋە نۆكەرلىرى يىغىلىپ كېڭىشىپ، جالايىر خەلقىگە :« شۇنداق ئىش بولۇپتۇ. بۇنىڭغا نىمە دەپ جاۋاب بېرىسلەر؟» دەپ كىشى ئەۋەتتى. جالايىرنىڭ ياخشىلىرى بۇ ئىشنى قىلغان كىشلەرنى سانىۋىدى، بەش يۈز كىشى چىقتى. بارچىسىنى ئۆي-بىسات ۋە خوتۇن-باللىرى بىلەن ھەيدەپ سۇرۇپ قايدۇخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ۋە « نىمە قىلدىغانلىقىنى ئۆزۈڭ بىل» دېدى. قايدۇخان قېرىنداشلىرى ۋە ئېلى بىلەن كېڭەشكەندى، ئۇلار:« سېنىڭ قېنىڭ بىلەن بۇلارنىڭ قېنى بىر ئەمەس. ئوغۇللىرى ۋە قىزلىرىنى قۇل قىل» دېدى. ھەممەيلەن بۇ سۆزگە قوشۇلدى، بۇ جامائەت كۆپەيدى. بىراق ئۆزلىرىنى جالايىرمىز دەپ

ئاتماي، موغۇل قىيان ئوغلانلىرىمىز دەپ ئاتاشتى. ئازاد قۇللارنىڭ ئۆز خوجىسىنىڭ ئۇرۇقىنى ئېيتمىقى رەسىم-قائىدە ئىدى. چىڭگىزخان ئۇلۇغ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، جالايىرلارنىڭ بارچىسى ئۆزىنى جالايىر قۇللارغا ئوخشىتىپ موغۇل قىيان ئوغلانلىرىمىز، دەپ ئاتىدى. جالايىرلار ئون بىر ئاتىسىغىچە يەنى چىڭگىزخاننىڭ تۆتىنچى ئوغلىغىچە ئەۋلادتىن ئەۋلاتقىچە قۇل بولۇپ ياشىدى، ھەربىر پادىشاھنىڭ قارمىقىدا ئون ئۆي بولۇپ يۈرەتتى. جالايىرلارنىڭ ئەسلى سۆڭەكى موغۇلنىڭ دارلاگىن ئۇرۇقىدىن ئىدى. دارلاگىن ئېلى نۇكۇز ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ.

## موغۇل پادىشاھلىرىنىڭ زىكرى

قىيان بىلەن نۇكۇزنىڭ ئەۋلادى ئەركىنە قۇن ئىچىدە كۆپەيگەندىن كېيىن ھەر جامائەت بىر ئۇرۇق ئېتىنى كۆتۈردى. قىيان نەسلىدىن قۇرلاس ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ نەسلى بارچە ئۇرۇقلاردىن كۆپ بولدى. ئۇنى قۇرلاس ئېلى دېدى. ئۇ قۇرلاس نەسلىدىن بىر كىشىنى پادىشاھ قىلىپ كۆتۈردى. بىراق ئېتى مەلۇم ئەمەس. شۇنىڭدىن كېيىن ھەمىشە شۇ قۇرلاس ئېلىدىن پادىشاھ سايلايدىغان بولدى. خەلق ئەركىنە قۇندىن چىققاندا پادىشاھلىرىنىڭ ئېتى قۇرلاس ئۇرۇقىدىن بولغان بەرتەچىنا دېگەن ئىدى. دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قويمارال ئاتلىق ئوغلى پادىشاھ بولدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ بىچىن قىيان ئاتلىق ئوغلى پادىشاھ بولدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى تىماچ، ئۇ ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئوغلى قىچى ( قاپچى) مەرگەن، ئۇ ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئوغلى قوجام بۇرال، ئۇ ئۆلگەندە ئوغلى بوكا باندۇن، ئۇ ئۆلگەندە ئوغلى سامساۋچى، ئۇ ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئوغلى قالىماچۇ، ئۇ ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئوغلى تېمۇرتاش، ئۇ ئۆلگەندە ئوغلى مېڭلىخوجا، ئۇ ئۆلگەندە ئوغلى يۇلتۇزنى خان قىلىپ كۆتۈردى. يۇلتۇزنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئىككىلىسى ئۆزى تىرىك چېغىدا ئۆلدى. بىر ئوغلىدىن دۇبۇنبايان ئاتلىق بىر ئوغۇل قالدى. يەنە بىرىدىن ئالانقوۋا ئاتلىق بىر قىز قالدى. ئالانقوۋانى چوڭ توي قىلىپ دۇبۇنبايانغا ئېلىپ بەردى. ئاندىن كېيىن يۇلتۇزخان ئۆلدى. نەۋرىسى دۇبۇنبايان ئاتا تەختىگە ئولتۇرۇپ، موغۇل ئېلىگە پادىشاھ بولدى. بىراق ئوتتۇز ياشقا يەتمەي ۋاپات بولدى. ئۇنىڭدىن ئىككى ياش ئوغلى قالدى. بىرى يەتتە، بىرى ئالتە ياشتا ئىدى. چوڭىنىڭ ئېتى بىلگاداي، كىچىكىنىڭ ئېتى بېكچىداي. بەزى نۇسخىلاردا بىلگانۇت، بۇگانۇت دەپمۇ تىلغا ئېلىنغان.

## ئالانقۇۋانىڭ ئاجايىپ-غارايىپ ھېكايىسى

ئالانقۇۋانىڭ ئېرى دۇبۇنبايان ئۆلگەندىن كېيىن، ئاتىسى يۇلتۇزخاننىڭ ئاغا-ئىنىلىرىنىڭ ئوغلانلىرى ، نۆۋكەرلەرنىڭ ھەرقايىسسى بىزگە تەگ، بىزگە ياتلىق بول ، دەپ تەكلىپ بېرىشتى. تەگمىدى. ئالانقۇۋا ئۇلارنىڭ ھەممىسگە :« مەن ئۆلگىچە ئەرگە تەگمەيمەن . ئوغلانلىرىم يىگىت بولغىچە ئەلنى ئۆزۈم باشقۇرىمەن. ئاندىن كېيىن ئوغلانلىرىمغا تاپشۇرىمەن » دەپ جاۋاب بەردى.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر كېچىسى ئۇخلاپ ياتاتتى، سەھەر ۋاقتىدا ئويغاندى. تۆڭلۈكتىن بىر يورۇق نەرسە كىرىپ كەلدى. ئېنىق كۆردىكى، يورۇقنىڭ ئىچىدە ئاق سېرىق شەكىلدىكى ، شەھلا كۆزلۈك بىر كىشى كېلىپ ئۆيىنىڭ ئىچىگە چۈشتى. ئالانقۇۋا قېشىدا ياتقان زەئىفلەرنى ئويغىتىش ئۈچۈن قىچىراي دېدى-يۇ، ئاۋازى چىقمىدى. تىلى تۇتۇلدى. ئورنىدىن تۇراي دېدى-يۇ، قول-پۇتىنىڭ جېنى يوق تۇرالمىدى. ئەمما ئەقلى جايىدا ئىدى. ئۇ كىشى ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن جۈپ بولغاندىن كېيىن، تۆڭلۈكتىن چىقىپ كەتتى. بۇ سۆزنى ئېيتسام ھېچ كىشى ئىشەنمەس، دەپ ھېچكىمگە تىنمىدى.

بەش-ئالتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى كىشى يەنە كەلدى. نەچچە كۈندە بىر كېلىپ تۇردى. ئۇ كەلگەن كېچىسى ئالانقۇۋا ھامىلدار بولغان ئىدى. تۆت-بەش ئايلىق بولغاندىن كېيىن قېرىنداشلىرى يىغىلىپ كېلىپ، ھامىلدار بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ئالانقۇۋا كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپ بەردى:« ماڭا ئەر كېرەك بولسا تەگمەسمىدىم، ئايال كىشى بولسامۇ كۆپ خەلق مېنى پادىشاھ قىلىپ كۆتۈردى. ئۆزۈمنى، پۈتكۈل ئەل ۋە خەلقنى، ئىككى ئوغلۇمنى شەرمەندە قىلىدىغان بۇنداق ناماقۇل ئىشنى قىلمەنمۇ؟ ئىشەنمىسەڭلار ئۆيۈمنىڭ سىرتىدا بىرنەچچە كۈن ساقلاپ يېتىڭلار. خۇدايىتائالا مېنى شەرمەندە قىلماس، بولسا سىلەرگىمۇ كۆرستەر، يەنە مېنىڭ ئىچىمدىكى بالا تۇغۇلۇپ قالسا ئەلۋەتتە رەسمىي كىشىگە ئوخشىماس. شۇ چاغدا بىلەرسىلەر، مېنىڭ ھامىلدار بولماقلىقىمدا خۇدايىتائالانىڭ بىر ھېكمىتى بار»دېدى. بۇ سۆزنى ئىشتكەندىن كېيىن ھەممىسى ئىشەندى. چۈنكى ئالانقۇۋانىڭ مىجەز-خۇلقىنى ھەممىسى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر كۈندە كەچتە ئۆيىنىڭ سىرتىدا ساقلاپ ياتتى، نۆۋەت بىلەن ئويغاق ئولتۇردى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سەھەر ۋاقتىدا ئاسماندا بىر يورۇق پەيدا بولۇپ، ئۆيىنىڭ تۆڭلۈكىنىڭ ئىچىگە

كىردى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغاتتى. بىر زاماندىن كېيىن تۆڭلۈكتىن قايتىپ چىقىپ كەتتى. كەلگىنىنى ئۆيىنى ساقلاپ ياتقان كىشىلەرنىڭ ئازراقى كۆرۈپ، كەتكىنىنى جىقراقى كۆرگىنى بىلەن ، ئادەمنىڭ سۈرىتىنى كۆرەلمەي قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالانقۇۋانىڭ سۆزىنىڭ چىنلىقى بارچىغا مەلۇم بولدى.

## ئالانقۇۋانىڭ ئوغلانلىرىنىڭ زىكرى

ئالانقۇۋا ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. چوڭىنىڭ ئىېتى بۇقۇن قاتاغان، بارچە قاتاغان ئېلى ئۇنىڭ نەسلىدۇر. ئىككىنچىسىنىڭ ئىېتى بۇسقۇن چالچى، چالچۇت ئېلى ئۇنىڭ نەسلىدىن. ئۈچىنچىسىنىڭ ئىېتى بۇدانجىر مۇنقاق، ئۇنى خان قىلىپ كۆتۈردى. چىڭگىزخان ۋە موغۇلنىڭ كۆپلىگەن ئۇرۇقلىرى ئۇنىڭ نەسلىدىن ئىدى. بۇ ئۈچ ئوغۇلدىن بولغان ئەللەرنىڭ بارچىسىنى نىرۇن دەپ ئاتايتتى. نىرۇننىڭ مەنىسى—— تۇخۇم بارچىسى دېگەنلىك ئىدى. موغۇلنىڭ چۇشەنچىسى بويىچە بۇ يورۇق نۇردىن پەيدا بولغان . بۇدانجىرنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنىڭ ئىېتى بۇقا، كىچىكىنىڭ ئىېتى توقا ئىدى. توقادىن نەسل قالغىنى مەلۇم ئەمەس. بۇدانجىر ئۆلگەندىن كېيىن بۇقانى خان قىلىپ كۆتۈردى. بۇقانىڭ دۇتۇمنان ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن دۇتۇماننى خان قىلدى. دۇتۇماننىڭ توققۇز ئوغلى بار ئىدى. سەككىزىنى جالايىرلار ئۆلتۈرىۋەتتى. ئۇنىڭ تارىخىنى يۇقۇرىدا جالايىرلار ئېلىنىڭ زىكرىدە بايان قىلدۇق. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىېتى قايدۇ ئىدى. ئۇ قىرغىندا ئامان قالدى. دادىسىنىڭ ئورنىغا خان بولۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بولدى. چوڭى بايسىنقۇر، ئىككىنچىسى جىرقالانقۇم، تايجۇت ئېلى شۇنىڭ نەسلىدىن ئىدى. جىرقالانقۇمنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئىېتى مۇرقادۇكۇچنا، ئۇنىڭ ئوغلى مامىقاي خاقان. ئۇنىڭ ئوغلى قاداي تەيشى، قاداي—— موغۇل ئىسمى، تەيشى—— خىتايچە سۆز، مەنىسى خۇش ئاۋازكۈيچى دېگەنلىك، كىمدە كىم ھاپىز بولسا، ئۇنى تەيشى دەيدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى ئورال، ئۇنىڭ ئوغلى يارغۇتاي، لەقىمى قىرىلتۇق ئىدى. ئۆزبېك ئاش يېگەندە ئاش تامىقىدىن ئۆتمەي، تۇرۇپ قالغان كىشىنى قىرىلدى دەيدۇ. بۇ كونا تىلدا كۆپ يىدى، يەنى تامىقىغا تۇرۇپ قالغۇچە يېدى دېگەنلىك بولىدۇ. قىرىلتۇق —— قىرىلغۇچى دېگەنلىك بولىدۇ. قىرىلتۇق يارغۇتاي تايجۇت ئېلىگە باش بولۇپ چىڭگىزبان بىلەن كۆپ ئۇرۇشتى. يارغۇتاي قىرىلتۇق ئىدى. ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئىېتى چەۋچىن، چەيقۇت ئېلى، ئەرتېگىن ئېلى شۇ كىشىنىڭ

نەسلىدىن ئىدى. قايدۇخان ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى جىرقالانقۇم ئۆگەي ئانىسىنى ئالدى. ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغۇللۇق بولدى. چوڭىنىڭ ئىتى كاندۇچەنە، كىچىكىنىڭ ئىتى ئولكۇچىنچەنە ئىدى. چەنە موغۇلچە بۆرە دېگەن سۆز. يەنى كاندۇچەنە ـــــ ئەركەك بۆرە، ئولكۇچىنچەنەـــــ ئۇرغاچى بۆرە دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ ئوغۇللىرى كۆپ بولغاندىن كېيىن چاناس، دەپ ئاتىدى. بىراق بۇ بۇرۇنقى نۇكۇز ئەمەس ئىدى. بۇرۇنقى نۇكۇزنىڭ ئىتى ئەل ئىچىدە يوقاپ كەتكەنىدى. چوڭ ئوغلى بايسىنقۇرنى خان قىلدى. ئۇ ئەقىللىق، ئادىل، ياخشى پادىشاھ ئىدى. كۆپ ئەللەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، دوستلارغا ياخشىلىق قىلىپ، دۈشمەنلىرىگە يامانلىق قىلىپ، بىرنەچچە يىل پادىشاھلىق قىلغاندىن كېيىن، تۇمەنەنى ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۇزاق سەپەرگە كەتتى.

## تۇمنەخاننىڭ زىكرى

تۇمنەخان ئۇلۇغ پادىشاھ بولدى. موغۇلنىڭ بارچە نىرۇن ئۇرۇقلىرىغا كۆپ يىللار پادىشاھلىق قىلدى. ئۇنىڭ زامانىدا ئەل دۆلەتلىك ۋە تىنچ ئىدى. ئۇنىڭ توققۇز ئوغلى بار ئىدى. بەزى ئوغۇللىرىدىن بىر ئۇرۇق، بەزىلىرىدىن ئىككى ئۇرۇق ۋە بەزىلىرىدىن ئۈچ، تۆت ئۇرۇق بولدى. بۇ توققۇزىنىڭ ئىچىدە قابىل ۋە قاچۇلى ئاتلىق ئىككىيلەن ئېگىز ئىدى.

چوڭ ئوغلىنىڭ ئىتى چاقسۇ، ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى بار ئىدى. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىتى تۇياقىن، ئىككىنچىسىنىڭ ئىتى ئۇرۇت، ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئىتى مانقىت. بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچ ئۇرۇق ئەل بولدى. ئىككىنچى ئوغلى يارىمشىر بۇقانچۇ. ئۇنىڭدىن تۇغۇلغانلىرى بىر ئۇرۇق ئەل بولدى. ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئىتى قاچۇلى. ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئىتى ئەردامچى بارلاس ئىدى. بارچە بارلاس ئىبلى ئۇنىڭ نەسلىدىن. ئاقساق تېمۇر شۇ ئۇرۇقتىن ئىدى. بارلاسنىڭ مەنىسىـــ سىپاھلار دېگەنلىك. تۈركچىسى چېرىك باشلاپ يۈرىدىغان كىشى دېگەنلىك بولىدۇ.

تۆتىنچى ئوغلىنىڭ ئىتى سامقاچۇن. يېدۇركىن ئۇرۇقى ئۇنىڭ نەسلىدىن. بەشىنچى ئوغلىنىڭ ئىتى باتكۇلكى. بارچە بۇدات ئۇرۇقى ئۇنىڭ نەسلىدىن. ئالتىنچى ئوغلىنىڭ ئىتى قابىلخان. كۆپلىگەن ئەللەر قابىلخاننىڭ ئوغلانلىرىدىن پەيدا بولغان. چىڭگىزخان ۋە كۆپ ئەللەر بۇ قابىلخان ئوغلانلىرىدىن تۆرەلگەن. تەڭرىم بۇيرۇسا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى

تېگىشلىك يەردە ئېيتىمىز. يەتتىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى ئودۇربايان. كىيىقۇم ئۇرۇقى ئۇنىڭ نەسلىدىن. سەككىزىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى بۇلجار دۇغلان. موغۇل ئاقساقنى دۇغلان دەيدۇ. بۇلجارنىڭ بىر پۇتى ئاقسايتتى. بارچە دۇغلات ئۇرۇقى ئۇنىڭ نەسلىدىن. توققۇزىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى چىنتاي. بارچە يېسۇت ئۇرۇقى ئۇنىڭ نەسلىدىن. چىنتاي بارچىسىنىڭ كەنجىسى ئىدى، كەنجىنى موغۇل ئوتچىكىن دەيدۇ. ئوتچىكىنىنىڭ مەنىسى ئوت ئىگىسى دېگەنلىك بولىدۇ. باشقا ئوغۇللىرىنى ئۆيلەپ بولغاندا ئۆيدە پەقەت كەنجىسى قالىدۇ. ئاتىسىنىڭ ئوچىقىنىڭ ئىگىسى بولىدۇ. كەنجى ئوغۇلنى موغۇلنىڭ رەسىم-قائىدىسىدە ھەممە ئوغۇللاردىن ئارتۇق ئىززەتلەيدۇ. چىنتاي ئوتچىكىندىن تۇغۇلغان ئوغۇللار باھادىر ۋە تۇغۇشلۇق بولدى. چىڭگىزخان ماۋرا ئۇننەھرگە كەلگەندە چىنانۇيان دېگەنگە ئوتتۇز مىڭ كىشى بېرىپ، سۇلتان مۇھەممەت خارەزىمشاھنىڭ كەينىدىن ئەۋەتتى. ئۇ سۇلتان مۇھەممەت شاھنىڭ بالا-چاقىسىنى ، خەزىنىسىنى ئېلىپ ئىران، ئەزەربەيجان، گۇرجىستاننى ئېلىپ، تۆمۈر قاپىقىدىن ئۆتۈپ داغىستان، چېركەس ۋە قىپچاقلارنى قىرىپ، ئاتىل ۋە يايىق سۇيىدىن ئۆتۈپ، تۆت يىلدا چىڭگىزخان قايتقاندا ئالاتاغدا ئۇنىڭغا كېلىپ قوشۇلدى. چىنا چىنتاي نەسلى ۋە يېسۇت ئۇرۇقىدىن ئىدى.

تۇمنەخان ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى قابىلنى خان قىلدى. ئۇنىڭ ئالتە ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنىڭ ئېتى ئوكىن يارتاق، ئىككىنچىسىنىڭ ئېتى بەرتەن باھادىر ، ئۈچىنچىسىنىڭ ئېتى قۇتۇقتۇ مانگۇ، تۆتىنچىسىنىڭ ئېتى قادان باھادىر ، بەشىنچىسىنىڭ ئېتى قۇتلاخاقان، ئالتىنچىسىنىڭ ئېتى بۇدات قىيات. قىياتنىڭ مەنىسىنى يۇقۇرىدا ئېيتتۇق، يەنە ئېيتىپ ئۆتىمىز، موغۇللار تاغدىن كەلگەن سەلنى قىيان دەيدۇ. قىيات ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى. قىياتنىڭ ئەسلى مەنىسى كۈچلۈك ۋە ئىلدام دېگەنلىك بولىدۇ. تاغدىن ئاققان سەل كۈچلۈك ۋە ئىلدام بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ ئاتنى قويغان. ئەركىنەقۇن ئىچىدە قىيان ئوغلانلىرىنى قىيات دەپ ئاتىدى. كۆپ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ھەر جامائەت بىر ئەل ئېتىنى كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى بىراۋلار قۇنقىراتمەن، بىراۋلار قۇرلاسمەن، يەنە بىراۋلار دورمانمەن ، دەپ ئاتاشتى. قىيات نامى ئەل ئىچىدە يوقاپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئۈچ، تۆت مىڭ يىل ئۆتكەندە قابىلخاننىڭ ئالتە ئوغلى بولدى. ئالتىسى باھادىر، پەھلىۋان ۋە چاققان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قىياتلار دېدى. قىيات ئېلى ئۇلارنىڭ نەسلىدىن. قابىلخان ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغلى بەرتەننى خان قىلىپ كۆتۈردى. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنىڭ ئېتى مۇنگۇداي، ئىككىنچىسىنىڭ ئېتى بۇكەن تەيشى، ئۈچىنچىسىنىڭ يېسۇگاي ( ياسۇخا) باھادىر، تۆتىنچىسىنىڭ

ئېتى دارتتاي ئىدى. بۇلاردىن بولغان باللارنىمۇ قىيات دېدى.

بەرتەنخان ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى يېسۇگاينى خان قىلىپ كۆتۈردى. يېسۇگاينىڭ بەش ئوغلى بار ئىدى. چوڭى چىڭگىزخان، ئاتىسى قويغان ئىسمى تېمۇچىن ئىدى. خان قىلىپ كۆتۈرگەندە چىڭگىز دەپ ئات قويدى. ئىككىنچىسى جۇچى قاسار، ئۈچىنچىسى قاچۇن، تۆتىنچىسى تامۇكا، بەشىنچىسى بىلگۇتاي ئوتچىكىن ئىدى. جۇچىنىڭ مەنىسى مېهمان، قاسارنىڭ مەنىسى ئەرەبنىڭ سۇبۇئى، تاجىكنىڭ داۋ دېگىنى يەنى بۆرە ، يولۋاس، قاپلانغا ئوخشاش گۆشتىن باشقىنى يېمەيدىغان جانىۋار، دېگەن مەنىدە. يېسۇگاينىڭ بەش ئوغلى ، شۇنداقلا نەسلىنىڭ كۆپرەكى ئاق سېرىق، كۆزلىرى شەھلا ئىدى. موغۇل شەھلانى بۇرچىغىن دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېسۇگاي باھادىرنىڭ نەسلىنى بۇرچىغىن قىيات دەپ ئاتىدى. ئالانقۇۋا: ماڭا كېلىپ جۈپتە بولىدىغان ئادەمنىڭ رەڭگى ئاق سېرىق، كۆزلىرى شەھلا بولسىكەن دەيتتى. شۇنىڭ نىشانى توققۇز ئاندىن كېيىن چىقتى. بۇرچىغىننىڭ مەنىسى شۇكى—— كىشىنىڭ كۆزىنىڭ گۆھىرى قارا بولسا، ئېقى ئاق بولسا، كۆزىنىڭ گۆھىرى بىلەن كۆزىنىڭ ئېقىنىڭ ئارىسىدىكى قارا قىزىل بولسا ئەرەبلەر ئېنىق شەھلا دەيدۇ، موغۇل بۇرچىغىن دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرچىغىن قىيات دېدىلەر.